# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

1

1995

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

www.uyghurkitap.com

# «ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى

1995-يىل 1-سان — مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

ئومۇمىي 27-سان — ئىسلامجان شېرىپ


## بۇ ساندىكى ئاساسلىق ماقالىلەر

※ ※ ※


بازىرى چىقىۋاتقان ئۇن خىل مۇلازىمەت كەسپى ............ 1

كارخانىلار ھازىر قانداق رىقابەتكە دۇچ كېلىۋاتىدۇ؟ ............ 3

1930-يىللىرى ئاقسۇ كونىشەھەردە قۇرۇلغان سودا شىركەتلىرى ............ 4

※ ※ ※

ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ «دەۋر» لەرگە ئايرىلىشى ............ مەخسۇت ھېيىت 5

يەر شارىدا يۈز بەرگەن سەككىز قېتىملىق ئاجايىپ ئۆزگىرىش ............ 6

مەملىكىتىمىزدىكى سۇلالىلەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ............ 9

ئاياللارغا تارىختىن ئورۇن بېرىلىشى كېرەك ............ شىياۋ تاڭ 10

قەدىمكى خوتەن خانلىقى ............ خۇدابەردى سېلىم 11

سىنئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىغا ئائىت مەلۇماتلار ............ سۇلتان مامۇت 13

※ ※ ※

ئىككى خەۋەر ............ شىنخۇا ئاگېنتلىقى 16

موگاۋ غارىدىكى نوم ساقلاش ئۆڭكۈرىنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتى ............ چېن خۇيشىڭ 18

بورتالادىكى قىيا تاش رەسىملىرى ............ ئابدىرىشىت ئوۋچى 21

قەيس غوجام مازىرى ............ يۇنۇس سادىق 22

ئاراتام بۇتخانىسى ۋە ئۇنىڭ ۋەيران بولۇشى ............ ئالىم ھاشىر 23

پىللىئوتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دۇنخۇاڭغا قىلغان ئېكسپېدىتسىيىسى ............ ئا. سايرامى 25

ئوتتۇرا ئاسىيا يەر ناملىرىدىكى «ئاق سۇ» ۋە «قارا سۇ» ............ 27

جەنۇبىي ئامېرىكا ئورمانلىقىدىكى ئېچىلمىغان سىرلار ............ 28

دىيارىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك تارىخىغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار
........................................................ ئا. خوجا 30

بۇددىزىم دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىقى .................. ئالىمجان مەخسۇت 33

ئۇيغۇر ئالىم — ئارغۇن سالى .................. كى ۋېي، زېڭ ۋېنخاڭ 35

تۇنجى ئورۇندۇق غەربىي دىياردا ياسالغان .................. جياڭ لىن 37

ئۇيغۇر نەقىش-بېزەكچىلىكىدىكى ئېلىمېنتلار مەنبەسى .................. ئا. مەخسۇت 38

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋر كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ خام ماتېرىياللىرى ..................
........................................................ غەرىرەتجان ئوسمان 39

راۋاق .................................... ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت 40

شىنجاڭنىڭ ئالتۇنچىلىقى ۋە يەر ناملىرى .................................... 42

ئۇيغۇر ئەينەكچىلىكى .................. ئابدۇساتتار ھامىدىن 46

يەكەن قەلەمترىشى .................. ئابدۇكېرىم قادىر 49

※ ※ ※

ئەرەب ئاستورونومىيىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ شەرق-غەربكە كۆرسەتكەن
تەسىرى .................................... موخەن 50

ئەرەبلەرنىڭ يەر شارى تەلىماتىغا قوشقان تۆھپىسى .................. 52

مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندىكى چىرىشتىن ساقلاش تېخنىكىسى .................. 54

بىجىرىم ساقلانغان مىسىر مومىيالىرى .................................... 56

※ ※ ※

460 يىل ۋە تارىخىي بۇرچىمىز .................. مەمتىمىن يۇسۇپ 57

ئىلمىي ئەمگەك، تارىخىي تۆھپە .................. غولام ئەبەيدۇللا 62

※ ※ ※

توتېم .................................... 67

ئىسلام دىنى بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى .................................... 68

يېمەكلىك ۋە سالامەتلىككە ئائىت مەلۇماتلار .................................... 69

※ ※ ※

تەھرىرلىك — ئىجادىي ئەمگەك .................................... 76

ئاجايىپ ئادەملەر .................................... 77



**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى):**

**ئابدۇرېھىم رەجەپ، ئابدۇكېرىم راخمان، ئاۋۇت توختى،**
**سەمەت خېۋىر، شېرىپ ئىمىن**

# • بازىرى چىقىۋاتقان ئون خىل مۇلازىمەت كەسپى

**بالا بېقىش كەسپى:** ھازىر شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدە ياشانغانلار بىلەن بوۋاق بالىلارنىڭ نىسبىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى يىللارغىچە بۇنداق زىددىيەت تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، بالا باققۇچىغا بولغان ئېھتىياج تېخىمۇ ئېشىپ بارىدۇ.

**ياشانغانلارغا ھەمراھ بولۇش كەسپى:** بەزى ياش پەرزەنتلەر ياشانغان ئاتا-ئانىسىدىن بىر-بىرلەپ «ئايرىلىپ» ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. پەرزەنتلىرىدىن «ئايرىلغان» ياشانغانلار پۇل خەجلەپ، مۇئەييەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ياشلارنى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ پاراڭلىشىش، نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن تەكلىپ قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياشانغانلارغا ھەمراھ بولۇش كەسپى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ بازار تاپىدۇ.

**تېز تاماق كەسپى:** ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇ كەسىپنىڭ 1992-يىللىق تىجارەت سوممىسى 20 مىليارد يۈەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە يېمەك-ئىچمەك تىجارەت سوممىسىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن. ھازىر كۆپ ساندىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئائىلىدە تاماق ئېتىشنى بازاردىكى تېز تائاملار رېستورانىغا يۆتكىگەن بولۇپ، تېز تائامنىڭ ئونۇمى يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولايلىق، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، باھاسى ئەرزان بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ ساندىكى كىشىلەر تېز تاماق ساھەسىگە جەلپ قىلىنىدۇ.

**كىر يۇيۇش كەسپى:** بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، كىشىلەرنىڭ ئالىي دەرىجىلىك كىيىم-كېچەكلىرى كۆپەيدى. بۇ كىيىملەرنى يۇيۇش، دەزماللاش تەرتىپى مۇرەككەپ، تېخنىكىلىق تەلىپى يۇقىرى بولغاچقا، كىشىلەر بۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ۋە كۈچ سەرپ قىلىشنى خالىمايدۇ، شۇڭا پۇل خەجلەپ مەخسۇس كىيىم-كېچەك يۇيۇش دۇكانلىرى كۆپىيىدۇ.

**داۋالىنىشقا يېتەكچىلىك قىلىش كەسپى:** ھازىر، بەزى جايلاردا داۋالىنىش ئۈچۈرلىرىنىڭ راۋان بولماسلىقى ۋە كارىۋات يېتىشمەسلىكىدىن كېسەللەرنى بىھۇدە ئاۋارە قىلىش-تېخى ھەل بولۇپ كەتكىنى يوق. شۇڭا بەزى كېسەللەر، بولۇپمۇ جىددىي كېسەللەر «خەلق دوختۇرى» مۇلازىمەت كەسپى ئاپپاراتىنىڭ بولۇشىنى، مەسىلەن: كېسەلخانىدا يېتىشنى ئالاقىلىشىپ بېرىش، دوختۇر تېپىپ بېرىش، دورا سېتىۋېلىش، كېسەلخانىدا ھەمراھ بولۇپ كۈتۈش قاتارلىق مۇناسىپ مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىشنى ئارزۇ قىلماقتا.

**يۈتتۈرگۈچىگە خەۋەر قىلىش كەسپى:** يۈتتۈرگۈچىگە خەۋەر قىلىش كەسپى دېگىنىمىز — نەرسە-كېرەك يۈتتۈرگەن ياكى ئائىلىسىدىكى ئادەم يۈتۈپ كەتكەنلەر ئۈچۈن ئىزدەپ تېپىپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۈتكەن نەرسە-كېرەكنى تېپىۋالغۇچىغا ياكى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئەتكۈچىگە مۇئەييەن ھەق بېرىش كەسپىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مۇلازىمەت يېقىندا گۇاڭجۇدا مەيدانغا كەلدى، شۇنداقلا كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

**ئامانلىق قوغداش كەسپى:** ھازىر نۇرغۇن ئادەم ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى

www.uyghurkitap.com



ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ. 1985 - يىلى شېنجېن شەھىرىدە ئېلىمىزنىڭ تۇنجى ئامانلىق قوغداش مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، جايلاردىكى ئامانلىق قوغداش شىركەتلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىن، ئامانلىق قوغداش قوشۇنىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئامانلىق قوغداش مۇلازىمەت كەسپىمۇ تېخىمۇ تېز راۋاجلىنىدۇ.

**رەڭگە قويۇش كەسپى:** رەڭگە قويۇش دېگىنىمىز — نەرسە - كېرەكلىرىنى رەڭگە قويۇپ پۇل قەرز ئېلىپ، قەرەلى توشقاندا ئۆز نەرسىسىنى قايتۇرۇۋالىدىغان قىسقا مۇددەتلىك پۇل مۇئامىلىسى شەكلىنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا بۇ كەسىپنى بەزى كىشىلەر ياقتۇرماقتا. 1985 - يىلى ئېلىمىزدە تۇنجى رەڭگە قويۇپ باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش كەسپى چېكىدۇدا ئىش باشلىغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە، ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 400 دىن ئېشىپ كەتتى، لېكىن تېخى ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ.

**كونا كىتاب، ژۇرنال سېتىش كەسپى:** كونا كىتاب، ژۇرنال سېتىش كەسپىدە كىتاب، ژۇرنال خىللىرىنىڭ كۆپ بولۇشى، باھاسىنىڭ ئەرزان بولۇشىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە. بولۇپمۇ نىكاھ، ئائىلە تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، تارىختىكى مەشھۇر شەخسلەر تونۇشتۇرۇلغان، قىزقارلىق ۋەقەلەر يېزىلغان كونا كىتاب، ژۇرناللار كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ.

**سوۋغات بۇيۇملارنى يىغىش كەسپى:** رېئال تۇرمۇشتا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدا سوۋغات كەم بولسا بولمايدۇ، لېكىن بەزى سوۋغات بۇيۇملارنىڭ بىر مەھەل لازىمى بولمايدۇ، ساقلاشنىڭ ئەھمىيىتىمۇ يوق، شۇڭا تاشلىۋېتەي دېسە كۆزى قىيمايدۇ، كىشىلەر مۇشۇنداق بۇيۇملارنى سېتىۋالىدىغان جاينىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇقۇشىمىزچە، يېقىندا نەنجىڭدا دۆلىتىمىزدىكى تۇنجى سوۋغات بۇيۇملارنى يىغىش كەسپى مەيدانغا كەلگەن، بۇ كەسىپ ئامىمغا قولايلىق ياراتقانلىقى ئۈچۈن، كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. شۇڭلاشقا، سوۋغات بۇيۇملارنى يىغىش كەسپىنى مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا بولغان باشقۇرۇش ۋە يېتەكچىلىكنى كۈچەيتكەندىلا، بۇ كەسىپ كەڭ بازار تاپالايدۇ.

---

ئارىمىزدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر ھاراق ئىچكەندە ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرىنى ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنى ھاراق ئىچىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق قىلىش بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئەسلى زاتىغا زىت ئىش بولۇپ، بۇ ھەقتە توغرا تونۇشقا ئىگە بولۇش لازىم. چۈنكى، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدىكى «مەي»، «قاۋاق» — ئادەتتىكى ھاراق - شاراپ ۋە ئادەتتىكى «قاۋاق»، «مەيخانا» ئەمەس. ئۇ مەي، مەيخانا دېگەن سۆزلەرنى ئۆز مۇقامىغا كۆرە تۈرلۈك مەنىدە ئىشلەتكەن.

شائىرلارنىڭ «يار» دېگىنىدىن قىز - خانىملارنىڭلا، «مۇھەببەت» دېگىنىدىن ئايالغا بولغان مۇھەببەتنىلا چۈشىنىش ناھايىتى ساددىلىق بولغىنىدەك، ئۆمەر ھەييامنىڭ «مەي»، «مەيخانا»لىرىدىن نوقۇل ھاراق، ھاراقخانىنىلا چۈشىنىش تولىمۇ ساددىلىق بولىدۇ.

شېئىرىيەت ۋاستىسى قىلىپ ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆز رۇبائىيلىرىدا كۆپرەك «مەي» بىلەن سۆزلىگىنىنى كۆرگەن ئۆمەر ھەييامنى بەزىلەرنىڭ، مەيگە بەك ئامراق كىشى بولسا كېرەك، دېگىنىنى ئاڭلايمىز. بىراق، مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى ۋە ياۋروپادىكى چوڭ ئەدىب - تارىخچىلار ئۆمەر ھەييامنىڭ ئۆز ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ ھاراق ئىچىپ باققان شەخس ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

— مۇھەررىردىن

# كارخانىلار ھازىر قانداق رىقابەتكە دۇچ كېلىۋاتىدۇ

**تەننەرخ جەھەتتىكى رىقابەت:** مال باھاسى كۆرسەتكۈچىنىڭ نىسپىي ھالدا تۆرلىشى خام ئەشيا ۋە ئېنېرگىيە قاتارلىق ساھەلەردە تەننەرخىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا كارخانىلار باھانىڭ ئۆسۈشىدىكى ھەر خىل ئامىللارنى ئىچكى جەھەتتە ھەل قىلىپ، مەھسۇلاتلىرىنى تۆۋەن باھادا سېتىشى ۋە ئەلا سۈپەتلىك لازىملىق قىلىشى كېرەك.

**باشقۇرۇش ستراتېگىيىسى جەھەتتىكى رىقابەت:** كارخانىلار ھامان رىقابەتكە دۇچ كېلىدۇ. بۇنداق رىقابەت يوللۇق ۋە يولسىز باشقۇرۇش ستراتېگىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بازار سودىسىدا قوللىنىلمايدىغان ستراتېگىيە يوق.

**ئۇچۇر جەھەتتىكى رىقابەت:** ھازىر پەن-تېخنىكا تېز يۈكسىلىۋاتقان، ئۇچۇر راۋاجلىنىۋاتقان ۋاقىت. خېرىدارلار ۋە ھاجەتمەنلەرنىڭ ئېھتىياجى ھەر خىل تارقىلىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ۋاسىتە يېتەكلەش تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بەزى كارخانىلار ئېلان تەشۋىقاتىغا 5 مىليون يۈەن سەرپ قىلىپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتسە، بەزى كارخانىلار 1 مىليون يۈەن سەرپ قىلىپلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلەيدۇ.

**تېخنىكا جەھەتتىكى رىقابەت:** پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا، بولۇپمۇ يۇقىرى تېخنىكا ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ بازارغا سېلىنىشى تېز بولماقتا. ئەمدىلا بازارغا سېلىنغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئورنىنى يېڭى مەھسۇلاتلار ئىگىلىمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن كارخانىلار ئۈزلۈكسىز تېخنىكا يېڭىلىشى، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشى لازىم.

**مەبلەغ جەھەتتىكى رىقابەت:** ھازىر ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار بىلەن يۇقىرى تېخنىكا ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ پايدا نىسبىتى بارغانسېرى تۆۋەن بولماقتا. مەسىلەن: ئادەتتىكى ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن خەت بېسىش ماشىنىسىنىڭ پايدا نىسبىتى يىلدىن-يىلغا تۆۋەنلىمەكتە. بەزى كارخانىلار ھەربىر مەھسۇلاتتىن 50-100 يۈەن پايدا بولسىلا ساتماقتا. مۇتلەق كۆپ كارخانىلار مەبلەغ جەھەتتىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن قايغۇرماقتا. دۆلەت ئىلكىدىكى ئوتتۇرا، چوڭ تىپتىكى كارخانىلار تېخىمۇ قايغۇرماقتا.

**تالانتلىقلار جەھەتتىكى رىقابەت:** بازار رىقابىتىنىڭ ماھىيىتى تالانتلىقلار رىقابىتىدىن ئىبارەت. ئەقلىي ئىقتىدار ۋە تالانتلىقلارنىڭ بازارغا يۈزلىنىشى رىقابەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ئۈنۈمى ياخشى، مېخانىزمى جانلىق بولغان كارخانىلار تالانتلىقلارنى جەلپ قىلالايدۇ.

www.uyghurkitap.com



# 1930-يىللىرى ئاقسۇ كونىشەھەردە قۇرۇلغان سودا شىركەتلىرى

ئابدۇراخمان مامۇت

ئاقسۇ كونىشەھەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ بىرى. ئۇ تەكرى تېغىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، جۇغراپىيىلىك تەبىئىي ئەۋزەللىكى بىلەن سودا-قاتناش تۈگۈنى بولغان.

1930-يىللىرى ناھىيە بازىرىدىكى ساراي، دەڭلەر 30 غا يەتكەن. ناھىيىگە قاراشلىق كارۋان يولىدىكى ئىشلەمچى، تۈمەن، جام، تۈز ئاۋات، قىزىلبۇلاق (لەڭگەر)، قوغان، يېڭىمەھەللە، ئاقتاش، مۇزداۋاندا ئۆتەڭ-دەڭلەر 50 تىن ئاشقان. ناھىيە بازىرىدىكى سارايلارغا قارا قولدىن ئېلىپ كېلىنگەن گەزمال، تۆمۈر، سەرەڭگە، قەنت-گېزەك، مىلىچ مال، ھىندىستاننىڭ رەڭ، دورا-دەرمەكلىرى، ئىران گىلەملىرى، خوتەن ئەتلەسلىرى، ئىلىغا يۆتكىلىدىغان پاختا، گۆلە-قاق، ياڭاق، جىگدىلەر تولۇپ كەتكەن؛ دەڭلەردىن ئات، قېچىر، ئېشەك، تۆگە، ھارۋا كارۋانلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. شىركەتلەر يۇڭ، تېرە، تىۋىت، ئۈچەي قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ، قارا قولغا يۆتكىگەن. ئاقسۇ كونىشەھەردە قۇرۇلغان بۇ شىركەتلەر بازارنى ئاۋاتلاشتۇرۇشتىكى ئاساسلىق ئامىل بولۇپ قالغان.

1930-يىلى ئاقسۇ كونىشەھەردە «ئاقسۇ شىركەت» ناملىق سودا شىركىتى قۇرۇلغان. بۇ شىركەت ئاقسۇ كونىشەھەردىكى تۇنجى شىركەت بولۇپ، ئۇنىڭغا سودىگەر، چارۋىچى، دېھقانلاردىن يەتتە كىشى 100 مىڭ يومبۇ پاي قوشقان، بۇ شىركەتنىڭ ئورنى ئەمەت قوزات ئاخۇنۇمنىڭ قورۇسىدا بولغان. 1934-يىلى غوجىنىياز ھاجى ئاقسۇدا تۇرغان مەزگىلدە ئاقسۇ كونىشەھەردىكى چوڭ خانىقادا «قۇياش» ناملىق شىركەت قۇرغان. پاي پۇلى سوممىسىنى ھۆكۈمەت سالغان. بۇ شىركەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بوغالتىرلىق كۇرسى ئېچىلغان. كۇرسقا شىركەت بوغالتىرى تۇرداخۇن دەرس ئۆتۈپ 15 ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بانكا، باجخانا، يەرلىك مال شىركىتى ۋە مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنغان.

«قۇياش» شىركىتى قاراقول بىلەن خام مال ۋە قويغا ھەر خىل سانائەت بۇيۇملىرى ئالماشتۇرۇش توختامى تۈزگەن.

1936-يىلى غوجىنىيازھاجى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، شىركەتنىڭ كاپىتالى ۋە مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان.

«قۇياش» شىركىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاقالغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدە دەسمايىسى 500 مىليون يومبۇغا يەتكەن. بۇ پۇلغا چوڭ خانىقا يېنىغا بانكا، ماگىزىن، خام مال ئىسكىلاتى، ئىشخانا قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ۋە ئىشخانا، زال، ئامبار، 20 مودىن ئارتۇق باغ، شىپاڭلىرى بار ساپسىن تۆرۈك (سوۋېت-شىنجاڭ تىجارەت ئورنى) قۇرۇلۇشى سېلىنغان. بۇ قۇرۇلۇشلارنى سوۋېت ئىنژېنېرلىرى پىلانلىغان بولۇپ، ئىشخانىلار كەڭ، يورۇق ئىدى، دىنامو ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىنىپ، ئىشخانىلار توك بىلەن يورۇتۇلغان. ئاقسۇ كونىشەھەردىكى ساپسىن تۆرۈك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى-

# ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ «دەۋر» لەرگە ئايرىلىشى

**مەخسۇت ھېيت**

ئىنسانشۇناسلار ۋە ئارخېئولوگلار ئۇزۇن مۇددەت تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىنسانىيەت تارىخىنى بىرقانچە دەۋرلەرگە ئايرىغان، بۇ ئىلمىي نەتىجە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكى زور بۆسۈش ۋە ئىجادىيەت.

ئەڭ دەسلەپ ئىنسانىيەت تارىخىنى دەۋرلەرگە ئايرىغان كىشى دانىيىلىك مەشھۇر ئارخېئولوگ، دانىيە «قەدىمكى يادىكارلىقلار مۇزېيى» نىڭ باشلىقى چىرىستىئان جۇرگېنسېن تومسېن (1788 — 1865) ئىدى. ئۇ ئىنسانلار ياساپ ئىشلەتكەن قورال-سايمانلارنىڭ ماتېرىيالى بويىچە ئىنسانىيەت تارىخىنى «تاش قوراللار دەۋرى»، «مىس (برونزا) قوراللار دەۋرى» ۋە «تۆمۈر قوراللار دەۋرى» دەپ ئايرىغان. كېيىنچە بەزى ئالىملار «تاش قوراللار دەۋرى» نى يەنە «كونا تاش قوراللار دەۋرى»، «ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرى» ۋە «يېڭى تاش قوراللار دەۋرى» دەپ ئايرىغان.

ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر مىللەتشۇناسى، ئىرقشۇناسى ۋە ئارخېئولوگى لېۋىس ھېنرى مورگان (1818 — 1881) «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى «جاھالەت دەۋرى»، «ياۋايىلىق دەۋرى» ۋە «مەدەنىيەت دەۋرى» دېگەن ئىبارەت ئۈچ چوڭ باسقۇچقا ئايرىغان. بۇ «ئۈچ دەۋر» نىڭ كونكرېت مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. «جاھالەت دەۋرى»: ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى بولۇپ، ئۇ چاغدا ئادەملەر تەبىئەتتىكى تەييار ئوزۇقلۇقلارنى يىغىپ ئىستېمال قىلىش بىلەنلا ھايات كەچۈرگەن. بۇ دەۋر ئىنسانلار ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن باشلىنىپ، دەسلەپكى مەزگىل ۋە ئوتتۇرانچى مەزگىللەرنى بېسىپ ئۆتكەن. ئوقيانىڭ ئىختىرا قىلىنىشى — بۇ دەۋرنىڭ يۇقىرى باسقۇچقا كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان، بۇ دەۋر يەنە ئارخېئولوگىيىدە «ئادەملەر پىششىقلاپ ئىشلىمە-

* * *

نىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، يەرلىك شىركەت سودىگەرلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتكەن. مال ئالماشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇپ، توختاملارغا ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتقان.

«قۇياش» شىركىتى تاقالغاندىن كېيىن، ئاقسۇ ۋە ئاقسۇ كونىشەھەردە نىياز دوتەيىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن سودا كومىتېتى قۇرۇلۇپ، شىركەتلەرگە رەھبەرلىك قىلغان. بازار باشقۇرۇش، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش، ئۆلچەملەرنى نازارەت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئاقسۇ كونىشەھەر سودا كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 1700 دىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سودىگەرلەردىن باشقا، ھەر خىل كەسىپتىكى ھۈنەرۋەن ۋە دېھقان، چارۋىچىلارمۇ بار ئىدى.

1944-يىلى ساپىسىن تۆرۈك ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى سوۋېتلىكلەر قوغلاپ چىقىرىلغان. شىركەتلەرنىڭ ساپىسىن تۆرۈك ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈزگەن مال ئالماشتۇرۇش سودا توختاملىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

www.uyghurkitap.com



گەن تاش قوراللار دەۋرى» ، «كونا تاش قوراللار دەۋرى» ۋە «ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

2. «ياۋايىلىق دەۋرى» : ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىدىكى ئىككىنچى دەۋر بولۇپ، كۇلالچىلىق ياساش تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشىدىن باشلىنىپ، يېزىق پەيدا بولغانغا قەدەر داۋاملاشقان. بۇ دەۋر ئارخېئولوگىيىدە «يېڭى تاش قوراللار دەۋرى» دىن «برونزا قوراللار دەۋرى» دەپ ئاتىلىدىغان دەۋرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋرمۇ تۆۋەن، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇ مەزگىللەردە ئىنسانلار چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان، بۇ دەۋر ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىدىن باشلىنىپ، ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

3. «مەدەنىيەت دەۋرى» : ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋر تاۋۇشلۇق ھەرپلەرنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە قوللىنىلىشىدىن باشلىنىپ، يېقىنقى زامانغا قەدەر ئۇلىشىدۇ، بۇ دەۋر «قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى» ۋە «يېقىنقى زامان مەدەنىيىتى» دىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا ئايرىلىدۇ. مېتال پۇللارنىڭ پەيدا بولۇشى، پۇل كاپىتالى، ئۆسۈم، جازانە ۋە ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ۋاسىتىچىلىك رول ئوينىغۇچى سودىگەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا رىقابەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، يەرگە بولغان خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى ۋە گۆرۈگە قويۇش تۈزۈمى، قۇللۇق ئەمگىكى، ئاتىلىق ھوقۇقىنى مەركەز قىلغان بىر ئەرگە بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدىكى ئائىلىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئىقتىساد بىرلىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشى «مەدەنىيەت دەۋرى» نىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت.

«مەدەنىيەت دەۋرى» نىڭ ئاساسى بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپ ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىسىدۇر، بۇ دەۋرنىڭ ئۈچ چوڭ مەزگىلى ھەم ئۈچ چوڭ قۇللۇق ئەمگەك شەكلى قەدىمكى زامان قۇللۇق تۈزۈمى، ئوتتۇرانچى قەدىمكى زامان يانچىلىق تۈزۈمى ۋە يېقىنقى زامان ياللانما ئەمگەك تۈزۈمىدىن ئىبارەت.

تومسېن بىلەن مورگاننىڭ ئىنسانىيەت تارىخىنى دەۋرلەرگە ئايرىشتا قوللانغان ئاتالغۇسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى بىردەك بولۇپ، يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە، شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزەرىيىسى ئىلىم-پەن ساھەسىدە ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

## يەر شارىدا يۈز بەرگەن سەككىز قېتىملىق ئاجايىپ ئۆزگىرىش

1. بۇنىڭدىن 1 مىليارد 900 مىليون يىل ئىلگىرى يەر شارىدا ھاياتلىق پەيدا بولۇشقا باشلىغان. بۇ ھۆكۈمنى سىربىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى نىش پەلسەپە شۆبىسىنىڭ دوكتورى پاۋلې پىرىموۋىچ يادرو ماگنىتلىق رېزونانىس (ئورتاق تەۋرەش) ئۆلچەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىسپاتلاش ئارقىلىق چىقارغان. ئۇ بۇنىڭدىن 1 مىليارد 900 مىليون يىل ئىلگىرى شەكىللەنگەن قىيا تاشلار ئارىسىدىن لىگنىن (ياغاچلىنىش ئېلېمېنتى) ۋە سېللۇلوزا (تالا ماددىسى) دىن تەركىب تاپقان ئۆتكۈزگۈچى نەيچىلىك ئۆسۈملۈكنى بايقىغان. بۇنداق ئۆسۈملۈكنىڭ پەيدا

بولۇشى يەر شارىدا ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مانا بۇ يەر شارىدا يۈز بەرگەن تۇنجى قېتىملىق زور ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت.

2. بۇنىڭدىن 480 مىليون يىل ئىلگىرى يەر شارىدا ئۇزۇنلۇقى بىر سانتىمېتر كېلىدىغان كىچىك ھاشارىتلەر پەيدا بولغان. ئۇنى ياپونىيىنىڭ بىئولوگىيە ئالىمى بىنجو ئارىلىدىكى تاغ تىزمىسىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئورگانىك تاشقاتما پارچىلىرى ئارىسىدىن بايقىغان. بۇ ھاشارات ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان يەر شارىدا ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. ئۆتكۈزگۈچى نەيچىلىك ئۆسۈملۈكنىڭ پەيدا بولۇشىدىن بىر سانتىمېتر ئۇزۇنلۇقتىكى كىچىك ھاشاراتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا 1 مىليارد 420 مىليون يىل ئۆتكەن.

3. بۇنىڭدىن 225 مىليون يىل ئىلگىرى يەر شارىدا دىنوزاۋرلار پەيدا بولغان. ئامېرىكىنىڭ پالېئونتولوگىيە (قەدىمكى جانلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن) ئالىملىرى ئارىزونا قۇملۇقىدىكى قەدىمكى دەرەخ، ئۆسۈملۈك ۋە نەسلى قۇرۇپ كەتكەن ھايۋان تاشقاتمىلىرى مول بولغان بىر قىيالىقتىن دىنوزاۋرنىڭ تاشقاتمىسىنى تاپقان. باھالاش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى دىنوزاۋرنىڭ تاشقاتمىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. بىر سانتىمېتر ئۇزۇنلۇقتىكى كىچىك ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئۇزۇنلۇقى 2.43 مېتر كېلىدىغان دىنوزاۋرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە 255 مىليون يىل ئۆتكەن.

4. بۇنىڭدىن 4 مىليون يىل ئىلگىرى يەر شارىدا مايمۇنسىمان ئادەملەر پەيدا بولغان. بىر خەلقئارا ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئېفىئوپىيىنىڭ ئاۋاش دەرياسى قىرغىقىدىن بۇنىڭدىن 4 مىليون يىل ئىلگىرىكى بىر قەدىمكى جەسەتنى تاپقان. ئالىملار باھالاش ئارقىلىق ئۇنى «مايمۇنسىمان ئادەمنىڭ جەسىتى» دەپ ھېسابلىغان. ئۇنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى 120 سانتىمېتر بولۇپ، مېڭىسى قارا شىمپانزىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئۇ ئۆرە تۇرالايدىغان ئارقا پۇتى بىلەن ماڭىدىكەن. بۇ قەدىمكى جەسەتنىڭ تېپىلىشى يەر شارىدا خېلى بۇرۇنلا ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دىنوزاۋرلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن مايمۇنسىمان ئادەملەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە 221 مىليون يىل ئۆتكەن. بۇ بەلكى يەر شارىدا يۈز بەرگەن ئەڭ ئۇلۇغ ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن.

5. بۇنىڭدىن 2 مىليون 500 مىڭ يىل ئىلگىرى ئىنسانلار تاش قوراللارنى ئىشلەتكەن. ئامېرىكا ۋە فرانسىيە ئارخېئولوگلىرى ئېفىئوپىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇملۇق رايونىدىن 48 تاش پىچاق ۋە ئۈچ تاش پالتىنى تاپقاندىن كېيىن، مۇشۇ تونۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. باھالاش ئارقىلىق بۇ ئىپتىدائىي تاش قورال--سايمانلارنىڭ 2 مىليون 500 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. بۇ يەر شارىدا تۇنجى قېتىم مەيدانغا كەلگەن قورال-سايمان ياساش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئەھۋالىدىن ئىبارەت.

6. بۇنىڭدىن 1 مىليون 600 مىڭ يىل ئىلگىرى ئۆرە ماڭالايدىغان ئادەملەر پەيدا بولغان. كېنىيىنىڭ شىمالىدىكى تۇركانا كۆلىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن بۇنىڭدىن 1 مىليون 600 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ئۆرە ماڭالايدىغان ئادەمنىڭ ئەڭ مۇكەممەل سۆڭەك (ئىسكىلىت) تاشقاتمىسى تېپىلغان. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىچە، بۇ جەسەت 12 ياشلىق ئوغۇل بالىنىڭ تاشقاتمىسى بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.63 مېتر ئىكەن. بۇ، ئۆرە ماڭالايدىغان ئادەملەرنىڭ ئېگىزلىكى ھازىرقى ئادەملەرگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. بۇ بايقاش ئىنسانلارنىڭ ئۆملەپ مېڭىش دەۋرىگە خاتىمە بەرگەنلىكىدىن دېرەك

www.uyghurkitap.com



بېرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تاشتىن قورال ياساش ۋە ئۇنى ئىشلىتىشتىن ئۆرە مېڭىشقا قادىر بولۇپ، ئۆمىلەپ مېڭىشقا خاتىمە بەرگىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە 900 مىڭ يىل ئۆتكەن. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ بايقاش كىشىلەرنىڭ ئۆرە ماڭالايدىغان ئادەملەر ھەققىدىكى تونۇشىنى 1 مىليون يىل ئىلگىرى سۈردى.

7. بۇنىڭدىن 15 مىڭ يىل ئىلگىرى ئىپتىدائىي كەنت-مەھەللە بارلىققا كەلگەن. روسىيىنىڭ پوجارىسكى رايونىدىكى بىر مەھەللىدىن ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان ئىپتىدائىي ئادەملەر ئولتۇرغان كەنت-مەھەللە خارابىسى تېپىلغان. بۇ كەنتتىكى ئۆيلەر مامونت (تۈكلۈك پىل)نىڭ باش، ئاغاق، قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىدىن ياسالغانىكەن. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئۇنىڭدىكى بىر ئېغىز ئۆي 23 تۇياق مامونتنىڭ باش سۆڭىكى، ئاغاق سۆڭىكى، چىشى ۋە موسكۇل سۆڭەكلىرىدىن ياسالغانىكەن. ئۇنىڭدىن ياسالغان بىر ئامبار ئىچىدە ئىپتىدائىي ئادەملەر تاشتىن ياسىغان قورال-سايمانلار ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى بار ئىكەن. باھالاش ئارقىلىق بۇ ئىپتىدائىي ئادەملەر ياشىغان كەنت خارابىسىگە 15 مىڭ يىل بولغانلىقى ئىسپاتلانغان؛ بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئىنسانلار توپلىشىپ تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە باشلىغاندىن كېيىن ھايۋانات دۇنياسىدىن ھەقىقىي ئايرىلىپ چىققان. بۇمۇ يەر شارىدا يۈز بەرگەن يەنە بىر زور ئۆزگىرىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئارىلىقتا يەنە 1 مىليون 585 مىڭ يىل ئۆتكەن.

8. بۇنىڭدىن 5300 يىل بۇرۇن يەر شارىدا تەسۋىرىي يېزىق پەيدا بولغان. مىسىرنىڭ نىل دەرياسى دېلتىسىدىكى مىنادائابۇ ئۆمەر رايونىدىن ئەڭ قەدىمكى قەبرىستانلىق تېپىلغان. قەبرىنىڭ ئىچىدىكى تاملارغا رەسىم سىزىلغان. قەبرە ئىچىدىن تەسۋىرىي يېزىق ئويۇلغان ساپال قاچىلار تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەينى چاغلاردىكى بىر ھۆكۈمراننىڭ ئىسمى پۈتۈلگەن. ئالىملار ئۇنى «ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى تەسۋىرىي يېزىق ئويۇلغان ماددىي بۇيۇم» دەپ جەزملەشتۈرگەن. تەسۋىرىي يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنسانلارنىڭ ئۈچىنچى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۈچىنچى دەۋرگە كىرگەنلىكى — ئىنسانىيەت تارىخىدا يېڭى بىر ئېرانىڭ باشلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

---

چۆلدە ئۆمىلەپ يۈرگەن جانىۋارلارمۇ تۇغۇلۇشىدىنلا ئۆز ماكانلىرىنى بىلىدۇ. ھاۋادا ئۇچقۇچى قۇشلارمۇ، دېڭىز ۋە دەريالاردىكى بېلىقلارمۇ ئۆز ئۇۋىلىرىنى ھېس قىلىدۇ. بالىلىرى ۋە بالىلىرىنىڭ بالىلىرىمۇ ئۆز ئۇۋىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئادەملەرمۇ قەيەردە تۇغۇلۇپ تەربىيىلەنسە شۇ جايغا چەكسىز مېھرىبان بولىدۇ.

— سكورىنا

كىمكى ئۆز يۇرتىنى سۆيمىسە، ئۇ ھېچنىمىنى سۆيەلمەيدۇ.

— بايرون

# مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى سۇلالىلەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى

**شيا سۇلالىسى:** يۈي سۇنى تىزگىنلەشتە تۆھپە قوشقانلىقتىن، شۇن ئاقساقاللىق ئورنىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. يۈي شيا قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولغاچقا، دۆلەت نامى «شيا» دەپ ئاتالغان.

**شاڭ سۇلالىسى:** تاڭ شيا سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئىلگىرى شاڭ دېگەن يەردە (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شياڭچيۇ دېگەن يېرى) ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، يۇرتىنىڭ نامى «شاڭ»نى دۆلەت نامى قىلغان.

**جۇ سۇلالىسى:** جوۋۋاڭ شاڭ سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، دادىسى جاۋبىنۋاڭ جىشەنشادىكى جوۋيۈەن دېگەن يەردە تۇرغان، شۇڭا «جوۋيۈەن» دېگەن يۇرتىنىڭ نامىدىكى «جۇ» دۆلەت نامى قىلىنغان.

**چىن سۇلالىسى:** چىن شىخۇاڭنىڭ ئەجدادلىرى جۇ پادىشاھى جۇشياۋاڭنىڭ ئات باقارى بولۇپ، ئات بېقىشتا تۆھپە ياراتقانلىقتىن، «يىلقا» دېگەن فامىلە ئىنئام قىلىنىپ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى تيەنشۈي دېگەن يەر سۇيۇرغال قىلىنىپ بېرىلگەن، كېيىن زېمىنى چىن (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى) گىچە كېڭەيگەن، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت نامى «چىن» دەپ ئاتىلغان.

**خەن سۇلالىسى:** گەيشا ئۇرۇشىدا شياڭيۈي مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ليۇباڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەن، ئىلگىرى ئۆزىگە خەن بەگلىكى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەچكە، دۆلەت نامىنى «خەن» دەپ ئاتىغان.

**ۋېي پادىشاھلىقى:** ساۋساۋ پادىشاھ خەنشيەندى زامانىسىدا «ۋېي بەگلىكىنىڭ بېگى» دېگەن مەنسەپكە ئېرىشكەن. كېيىن ئوغلى ساۋپى خەن سۇلالىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ، دۆلەت نامىنى «ۋېي» دەپ ئاتىغان.

**شۇ پادىشاھلىقى:** ليۇبېي چېڭدۇنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۆزىنى خەن سۇلالىسى پادىشاھى شەنفۇاڭنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى دەپ ئاتىغان، سىچۈەن رايونى قىسقارتىلىپ شۇ دەپ ئاتالغاچقا، دۆلەت نامىنى «شۇ» دەپ ئاتىغان.

**ۋۇ پادىشاھلىقى:** سۇنچۈەن نەنجىڭنى پايتەخت قىلىپ، دۆلەت نامىنى ۋۇ دەپ ئاتىغان. چۈنكى نەنجىڭ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى ۋۇ بەگلىكىنىڭ يېرى بولغاچقا، بۇ نامنى قوللانغان.

**جىن سۇلالىسى:** ۋېي پادىشاھلىقى ئۈچ پادىشاھلىقنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ سانغۇنى سى مايەن ۋېي پادىشاھىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ۋېي پادىشاھى ئۇنىڭ دادىسى سى ماجاۋغا «جىن بەگلىكىنىڭ بېگى» دېگەن مەنسەپنى بەرگەچكە، دۆلەت نامىنى «جىن» دەپ ئاتىغان.

**سۈي سۇلالىسى:** سۈي سۇلالىسىنى قۇرغان ياڭ جيەن ئىلگىرى «سۈي بەگلىكىنىڭ بېگى» دېگەن مەنسەپكە ئېرىشكەچكە، دۆلەت نامىنى «سۈي» دەپ ئاتىغان.

**تاڭ سۇلالىسى:** تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئاتا-بوۋىسى لى خۇ ئىلگىرى «تاڭ بەگلىكىنىڭ بېگى» دېگەن مەنسەپكە ئېرىشكەچكە، لى يۈەن تەيۈەندىكى كۈچلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن «تاڭ» دېگەن نامنى دۆلەت نامى قىلغان.

**سۇڭ سۇلالىسى:** سۇڭ تەيزۇڭ جاۋكاڭيىن سۇڭجۇنىڭ ھەربىي ۋالىيسى بولغاچقا، دۆلەت نامىنى «سۇڭ» دەپ ئاتىغان.

**يۈەن سۇلالىسى:** يۈەن شىزۇ قۇبلاي «پالنامە»دىكى «دازەيچيەن يۈەن» دېگەن خەنزۇچە تۆت خەتنىكى «يۈەن» دېگەن خەتنى دۆلەت نامى قىلغان.

**مىڭ سۇلالىسى:** جۇيۈەنجاڭ ئەسلى دېھقانلار قوزغىلىڭى قوشۇنىدىكى شياۋمىڭۋاڭ قىسمىنىڭ سەركەردىسى بولۇپ، كېيىن شياۋمىڭۋاڭنى ئۆلتۈرۈپ دۆلەت نامىنى «مىڭ» دەپ ئاتىغان.

**چىڭ سۇلالىسى:** چىڭ سۇلالىسى ئىلگىرى شەنخەيگۇەننىڭ سىرتىدا بۇيۇك جىن ھاكىمىيىتىنى قۇرغان، 1636-يىلى نامىنى «چىڭ»غا ئۆزگەرتكەن. چىڭ بىلەن جىن سۆزى ئاھاڭداش سۆزلەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئاياللارغا تارىختىن ئورۇن بېرىلىشى كېرەك

شاۋتاڭ

جۇڭگونىڭ بىرنەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق جەمئىيىتىدە ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئاياللار ئۇزاق مۇددەتلىك فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتىدە ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن جەھەتلەردىكى ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالماي كەلگەنىدى. شىنجاڭ ئەزەلدىنلا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ بىرى. بۇ يەردىكى ئاياللار توغرىسىدىكى تارىخىي خاتىرىلەر ناھايىتى ئاز، ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى تارىختىن ئورۇن ئالالمىغان. ئۇلارنى بىلىدىغانلارمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئەدەبىيات-سەنئەت، ھەتتا سىياسىي جەھەتتە ئۇتۇق قازانغانلار ئاز ئەمەس.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باش ۋەزىرى تونيۇقۇقنىڭ ئەۋلادى چى يۈيلى بىلەن چى جېدۇ ئاكا-ئۇكا ئەدەبىيات ۋە سىياسىي ساھەدە داڭق چىقارغان. چى جېدۇنىڭ ئايالى يۈلۈنشۇفۇدۇ خەنزۇچىنى پىششىق بىلگەچكە، «ۋاپانامە»، «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «ئاياللار ۋاپانامىسى»، «داڭلىق ئاياللار تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئوقۇغان.

غەربىي يۇرتتىكى خۇيزۇ ئايال دىڭ يۈئې خەنزۇ تىلىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپلا قالماستىن، ئۇكىسى دىڭ خېنيەنىڭ ئۆگىنىشىگىمۇ ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۇستاز بولغان. دىڭ خېنيەن كېيىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مەشھۇر خۇيزۇ شائىرى بولۇپ يېتىلگەن.

16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەكەن سەئىدىيە خانلىقىدا مۇقامشۇناس، شائىر ئامانىسساخان مەيدانغا چىققان. ئۇ مەكىت ناھىيىسىدە بىر خەلق سەنئەتكارى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۆمۈر بويى مۇقام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ قەيدىرخان بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى رەتلەپ چىققان. ئۇ يەنە «ئىشرەت ئەنگىزى» مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بېيىتىش جەھەتتە زور تۆھپە قوشقان.

ئېلىمىزنىڭ غەربىي موڭغۇل جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ سەركەردىسى داشىداۋانىڭ رەپىقىسى چېچىن مورگېن خاتۇن چىڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كۈرىشىدە ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەرەپدارى بولۇپ، بۇ ئىشقا مۇھىم تۆھپە قوشقان.

1865-يىلى قوقەن خانلىقىدىكى ياقۇپ بەگ باندىتلىرى ئەنگلىيە بىلەن چارۇسىيىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلىرىنى بېسىۋالغان 12 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقى ياقۇپ بەگ باندىتلىرى بىلەن ئىزچىل كۈرەش قىلغان. بۇ كۈرەشتە ئايال قەھرىمانلارمۇ مەيدانغا كەلگەن. قۇمۇل ۋاڭى بەشىرنىڭ رەپىقىسى مەلىكە بانۇ ياقۇپ بەگكە قارشى كۈرەشتە ياقۇپ بەگ باندىتلىرى تەرىپىدىن كۇچادا رىجىمگە ئېلىنغان. باندىتلار ئۇنى تەسلىم بولۇشقا قىستىغاندا، ئۇ قەتئىي تەسلىم بولمىغان. كېيىن ئۇ دۈشمەن قولىدىن قۇتۇلۇپ، قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭى مەخمۇتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، سىياسىي جەھەتتىكى ماھارىتىنى نامايان قىلغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن، قازاق مىللىتىدىن چىققان مەشھۇر شائىر ئېرسىجان بىلىملىك، تەجرىبىلىك، تالانتلىق شائىر بولۇپ، يايلاقتا داڭق چىقارغان. ئۇ ئېيتقان بېيىتلار ئىنتايىن مەزمۇنلۇق بولۇپ، يايلاق تۇرمۇشىدىن ھالقىپ كەتكەن. ئۇنىڭ تەپەككۇرى ئۆزگىچە بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى.

مەيلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كېتىپ ئولتۇراقلاشقان غەربىي يۇرتلۇق ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى بولسۇن ۋە ياكى غەربىي يۇرتتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇڭا ئۇلار تارىختىن ئورۇن ئېلىشقا تامامەن ھەقلىق.

# قەدىمكى خوتەن خاندانلىقى

خۇدابەردى سېلىم

ئىسلامىيەت كىرىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ يىرىك مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە دۇنياغا مەلۇم قەدىمكى خوتەن خانلىقى يۇرتىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بىر خانلىق بولۇپ، ئاساسەن قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدىكى يورۇڭقاش، قاراقاش ۋە كىرىيە دەريالىرى ۋادىسىنى باشقۇراتتى.

خوتەن خانلىقى خەن خاندانلىقىغا مەلۇم بولغان ۋاقىتتا تېررىتورىيە ۋە ئاھالە يېقىدىن گەرچە ئۈنچىلىك زور بولمىسىمۇ، غەربنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى گرېك ۋە رىم دۆلەتلىرىگە نىسبەتەن بىر قەدەم ئىلگىرى تۇرىدىغان فېئودال دۆلەت ئىدى.

جۇغراپىيىلىك نام — «خوتەن» (يۇتىيەن) ھىندىستانلىقلارغا ماگارخا ئىمپېرىيىسى زامانلىرى مابەينىدىن مەلۇم، خوتەننىڭ ئەزەلدىن ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ كەلگەن قاشتېشى غەربىي جۇ سۇلالىسى زامانلىرىدىن بۇيان مەركىزىي جۇڭگوغا مەلۇم. خوتەننىڭ يىپەك توقۇمىچىلىقى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىرلەردىن بۇيان ئىران ۋە قەدىمكى گرېتسىيىگە مەلۇم. گرېكلەر قەدىمدە خوتەننى «يىپەك ئېلى» (Seres) دەپ ئاتىغان. خوتەن شۇ زامان راۋاجلانغان ھۈنەر-سانائىتى، قىممەتلىك تاۋار مەھسۇلاتى، كان بايلىقلىرى ۋە ئېسىل تاشلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ شەرقىي ۋە غەربتىكى بارلىق مىللەتلەر-دۆلەتلەرنى جەلب قىلغان. بولۇپمۇ قارا قۇرۇم ۋە پامىر تاغلىرىنىڭ ئۇ تەرىپىگە جايلاشقان ھىندىستانلىقلار خوتەنگە بەك قىزىققان. بىر قىسىم كىشىلەر خوتەننى بىر مۇددەت ھىندىستانلىقلار مۇستەملىكە قىلغان دېسە، بەزىلەر ھەتتا خوتەننى ھىندىستانلىقلار بىنا قىلغان، دەپمۇ دەۋا قىلىدۇ. بۇ گەپلەر پۈتۈنلەي ئاساسسىزدۇر. شۇئەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەرب ئەللىرىگە ساياھەت» دېگەن ئەسىرىدىكى «قۇستەنە» دۆلىتىنىڭ بىنا قىلىنىشىغا دائىر رىۋايەتكە كەلسەك، بۇ ماگارخا ئىمپېرىيىسىنىڭ مائۇريا سۇلالىسىدىن چىققان ئۇلۇغ ئىمپېراتورى ئاسىركانىڭ ساكيامۇنى دىنىنى دۇنياغا يېيىش يولىدىكى ئىجتىھاتلىرى ۋە خوتەنگە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا دائىر بىر ئەپساندىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ ئەپسانە تۈپۈت تىلىدىكى «قىسسە» لەردىمۇ ئۇچرايدۇ.

شۇئەنزاڭ خاتىرىلىگەن «قۇستەنە» ئاتالغۇسىنى خاتانى لىيۇتېكى «تۈركىستان بۇددا دىنى» دېگەن ئەسىرىدە، سانسىكرىت تىلىدىكى ياسىما ئات، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ تۈركچە «يەر ئەمچىكى» ئۇقۇمىنى بېرىدۇ. ئەپساندىكى بۇ ياسىما ئات خوتەن سۇلالىسى بىلەن خوتەن خانلىقىنىڭ ۋىسا سۇلالىسى ئۆز ئارا دۈشمەنلىشىپ قالىدۇ. سامانىيلار سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان قۇدرەتلىك قارا خانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى ئەبۇل ھەسەن ناسىر ئىلىك خوتەن خانى ۋىساسورا بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قازا تاپىدۇ. مۇشۇ ئۇرۇشتىن كېيىن 971-يىلى سۇڭ خاندانلىقىغا ئەۋەتىلگەن خوتەن خانىنىڭ خېتىدە قەشقەرلىكلەرنى تارمار قىلىپ بىر ئۇسسۇلچى پىلنى غەنىمەت ئالغانلىقى ئېيتىلغان، ۋىسا سورانىڭ ئوغلى ۋىسا سامگرامانى يۈسۈپ قادىرخان غازى 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كېلىپ مەغلۇپ قىلغان، ۋىسا سامگراما ئۇرۇشتا ئۆلگەندىن كېيىن خوتەن خان جەمەتى تۈپۈتكە قاراپ قاچىدۇ. بۇ جەمەت تۈپۈت تارىخىدا يەنە زور رول ئوينايدۇ. ھەتتا كۆككۆلدىكى تۈپۈتلۈكلەرگە باش بولىدۇ. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدە بۇ ئەھۋال ئۇچۇق قەيت قىلىنغان، تاڭغۇت ئېلىنىڭ خان جەمەتى ئۇيغۇر ئىدى. مەھمۇد قەشقەرى «تۈپۈت» ۋە «تاڭغۇت» ئەللىرىنى تۈرك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئەللىرى دەپ خاتا قىلىنغان، شۇنداقلا «ئۇدۇن»نى خوتەننىڭ يەنە بىر ئېتى دەپ دىۋانغا ئورۇنسىز كىرگۈزۈپ قويىلغان. مەھمۇد قەشقەرىگە قايىل بولماي ئىلاجە يوق. لېكىن، «دىۋان»نى ئۆگىنىشتە ئۇنى 11-ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئېتنوگرافىيىسى، جۇغراپىيىسى بىلەن قوشۇپ ئۆگىنىپ، ئىنچىكىلەپ ھەل قىلىشىمىز لازىم. مادامىكى، بىز «خوتەن» تۈپۈت تىلىدىكى «ئۇدۇن»، «قۇدۇن» ۋە ھازىرقى موڭغۇل «ئويرات» تىلىدىكى «خوتۇن» دىن كەلگەن دېسەك، بۇ خۇدىنى يوقاتقان مەست كىشىنىڭ قاراڭغۇدا ئۆزىنى-ئۆزى كاچاتلىشىغا ئوخشاش بىر ئىش بولار ئىدى.

«خوتەن» دېيىلگەن بۇ ئات بارلىق جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچ-قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ، قان-تەر تۆكۈپ خوتەننى بىنا قىلغان ۋە خوتەننى باشقۇرۇپ كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئېتنىك تەركىبى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنىڭغا پەن نۇقتىسىدىن تۇرۇپ مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھەقىقەت كۈندەك روشەن، «تونيۇقۇق» مەڭگۈ تېشىغا «قوردان» غەربىتىكى قۇدرەتلىك بىر ئەل سۈپىتىدە شەرقتىكى قىتان، جەنۇبىتىكى تابغاچ بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنىدۇ. «قوردان» دېيىلگەن بۇ ئات «بايانچور» مەڭگۈ تېشىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر خانلىرى بۇ مەشھۇر گۈزەل شەھەرگە چەكسىز مېھر-مۇھەببەت بىلەن قاراپ ئۆتكەن تېغىنىڭ غەربىگە سالغان ئوردىسىغا ھۆرمەت ئۈچۈن «قوردان» نامىنى بېرىشكەن.

كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەڭگۈ تاشلىرىدىكى «قوردان» خوتەننىڭ ئەسلى ۋارىيانتى بولۇپ، تىلىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا يۈز بەرگەن ھەر خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر، يەنى، تىلىمىزدىكى تاۋۇشلارنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدىكى ئۆزگىرىشلىرى بويىچە «قوردان» بارا-بارا «قودان»غا، ئاندىن يەنە نۇرغۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەدرىجىي «خوتەن»گە ئۆزگەرگەن.

دېمەك، خوتەن، تۈركچە «قوردان»نىڭ بۇزۇلمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاھالىسى ئەزەلدىن ئۇيغۇردۇر.

بەزىلەر خوتەنلىكلەرنى «ئارىيان» نەسلىدىن دەيدۇ، ئەلۋەتتە شۇنداق، «ئارىيان» دېمەك تۈركچە «ئاق» دېمەك بولۇپ، چىندىن ئاق ئىرقتۇر. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر خوتەنلىكلەرنى «ساك» دەيدۇ. ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل، چۈنكى قەدىمكى فارسىي مەنبەلەردە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا «تۇران»، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئاتلىق چارۋىچىلار ۋە ئولتۇراق دېھقانلار ئومۇمەن «ساك» دەپ پۈتۈلگەن، بۇ ساكلار تۈرك ئوغۇللىرى ئىدى. لېكىن شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، فارسىي تىلدا ساك، سەك — «ئىت» دېمەكتۇر. سانسكرت تىلى ۋە فارسىي تىلىنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىغان خوتەنلىكلەرمۇ ئىتنى سەك دەيدۇ. بەزىلەر «ساك» بىلەن «سەك»نى ئىككى خىل ئاتالغۇ قىلىشقا ئورۇنىدۇ، بۇ ھەم قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىكتۇر. ئەمەلىيەتتە، «ساك» بولسۇن، «سەك» بولسۇن ئومۇمەن خەنزۇچىدىكى «犬»گە ئوخشاش باشقا خەلقلەر تەرىپىدىن تۈرك قەۋمىگە بېرىلگەن لەقەمدۇر. «چىن-ماچىن» خېلىلا ئوچۇق تىل بىلەن بىر-بىرىدىن ئاجرىتىلىپ، ئىككى ئەل قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ، «چىن» ھەققىدىكى ئىسلام مەنبەلىرى ئىچىدە ئەڭ روشەن بىر ھۆججەت — سۆيۈملۈك شائىرىمىز بىر ئەلشىر ناۋايىنىڭ ئۆلمەس داستانى — «پەرھات-شېرىن» دۇر. ناۋايى ئۆز ئەسىرىدە ئاشىق يىگىت پەرھاتنىڭ ئاغزىدىن يىراق خوتەندىكى مېھرىبان ئانىسىغا ئاسماندىكى قۇشلار ئارقىلىق سالام يوللايدۇ. پەرھات جاھان بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، يىراقتىكى ئانا يۇرتى خوتەننى «پۈتكۈل يەر يۈزىنىڭ جەننىتى» دەپ ئەسكە ئالىدۇ. لېكىن «پەرھات-شېرىن»مۇ بىر ئەدەبىي ئەسەر. شۇنداقتىمۇ، داستاندىن قەدىمكى خوتەننىڭ ئۆزىنىڭ شانۇ-شاۋكىتىنى ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ، ھەتتا تۆمۈرىيلەر زامانىسىدىمۇ يەنىلا ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز.

# سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىغا ئائىت مەلۇماتلار

سۇلتان مامۇت

ئۇزۇندىن بۇيان يەكەن ناھىيىسىگە كېلىۋاتقان جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر، مېھمانلار سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىنىڭ قايسى ئورۇندا ئىكەنلىكىنى بىلىشكە قىزىقىپ كەلدى. دېمىسمۇ ئوردىنىڭ ئورنىنى ئېنىقلاپ چىقىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز ئىدى.

بۇ ھەقتە ھەر خىل گەپلەر بولسىمۇ، ئىشەنچلىكى «تارىخىي رەشىدى» دە بېرىلگەن خەۋەر بولۇپ، بۇ كىتابتا 1518-يىلى 4-ئايدا سۇلتان سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇرۇنقى «گۆل ئىرام» ناملىق ھەشەمەتلىك ئوردىسىغا كۆچۈپ كىردى، دەپ مەلۇمات بېرىلگەن (2-توم، 279-بەت). «تارىخىي رەشىدى» دە بېرىلگەن بۇ مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئوردىسىنىڭ ئورنى ئېنىقلانسا سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىنىڭ ئورنىنى بىلگىلى بولىدۇ. بىز ئوردىنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى ھەر خىل قاراشلار ھەم شەھەر ئىچىدە «ئوردا» نامى بىلەن ئاتالغان تارىخىي مەلۇماتلارنى ئېنىقلاپ چىقىش مەقسىتىدە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ھەم بىرمۇنچە كىشىلەرنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ئەھۋال ئىگىلىدۇق.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە شەھەر ئىچىدىكى «ئوردا كۆل» ، «راۋاق ئوردا» دېگەن جايلارنىڭ كېيىنكى ئەسىرلەردە ئۆتكەن يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ تۇرالغۇ جايى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. مەسىلەن: ھازىرقى ناھىيىلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ ئورنى ئىلگىرى «راۋاق ئوردا» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەنچىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت قاتارلىق جايلارنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەنگەن ئۇشۇر ھاكىم بەگ دېگەن كىشىنىڭ مەھكىمىسى بولغان.

شەھەر رەستىسىنىڭ جەنۇبىدىكى «ئوردا-كۆل» مەھەللىسى توغرىسىدا پىشقەدەملەر تونۇشتۇرغان ئەھۋاللار بىرقەدەر تەپسىلىي ۋە ئىشەنچلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم تارىخىي ئىزلارمۇ بايقالدى. بۇ مەھەللىنىڭ بېشىدىكى (شەھەر رەستىسىنىڭ جەنۇبىدىن 100 مېترچە يىراقلىقتىكى) «ئوردا كۆل» دەپ ئاتالغان كۆلنىڭ غەربىي تەرىپىدە مەسچىت بولۇپ، ئىلگىرى مەسچىتنىڭ جەنۇب تەرىپىدە مەسچىتقا يانداپ سېلىنغان مەدرىسە بولغان. مەھەللىنىڭ غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلىرىنى ئۇزۇنلۇقى 1500 مېترچە كېلىدىغان 3—4 مېتر چوڭقۇرلۇقتىكى «توغراق تۈۋى» كوچىسى ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ كوچىنىڭ ئورنى ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا خەندەك ئىكەن. ئۇنىڭ ئاخىرىدا كوچىدىن 40—50 مېتر جەنۇبتا «غوجا مىڭ دۆڭ» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ بىر دۆڭلۈك بار. دۆڭلۈكنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئۇدۇل كوچا «دۆڭ مەسچىت» كوچىسى بولۇپ، ئۇ مەھەللىنىڭ شەرق تەرىپىنى ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ كوچا مەھەللىنىڭ شىمال تەرىپىنى ئوراپ تۇرىدىغان «دۆڭ مەھەللە» كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. دېمەك، «ئوردا كۆل» مەھەللىسى بىرقانچە يۈز كۋادرات مېتر دائىرىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان چوڭ مەھەللىدىن ئىبارەت. بۇ مەھەللىنىڭ غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدىكى ئىلگىرىكى خەندەكتىن 3—4 مېتر ئېگىزلىكتىكى دۆڭلۈكنى بويلاپ سېلىنغان سېپىلنىڭ قىسمەن ئىزلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



1914-يىلى گەزمالچى ئىبراھىم نۇر مۇھەممەت ھاجىم دېگەن كىشى سېپىلنىڭ ئىچىدىكى بىرقانچە مو كېلىدىغان جايغا ئىگىدارچىلىق قىلغان بولۇپ، بۇ جاي ئىلگىرى ئۈچەي پىششىقلاپ ئىشلەش ئورنى ئىكەن. ئۇ كىشىنىڭ ھازىر 84 ياشلىق قىزى، 68 ياشلىق كىچىك ئوغلى ھايات بولۇپ، ئۇلار ھازىر ئەسلىدىكى زېمىننىڭ بىر قىسمىدا ئولتۇرۇشلۇق، ئۇلارنىڭ ئاتىسىدىن ئاڭلىغىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭمۇ كۆرگەنلىرى بويىچە سۆزلەپ بېرىشىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئىگىدارچىلىق قىلغان جاي ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى ئەسلىدە تاشلىنىپ قالغان قەدىمىي باغنىڭ ئورنى بولۇپ، كىشىلەر ئۇ يەرنى «جىنلىق باغ» دەپ ئاتىشىدىكەن. باغنىڭ ئىچىدە بىر دۆڭلۈك بولغاندىن تاشقىرى غەرب تەرەپتىكى سېپىلنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان، بىر تېمى بىلەن قالغان راۋاق بولۇپ، تامغا تەكچىلەر چىقىرىلغانىكەن. بۇ راۋاق «قەيتۇر راۋاق» دەپ ئاتىلىدىكەن. سېپىلنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى 300 مېتر ئەتراپىدا بولۇپ، كەڭلىكى 7 —8 مېتر كېلىدىكەن. سېپىلنىڭ ئاخىرقى قالدۇقى 1984-يىلى چېقىلغاندىن كېيىن، كىشىلەر سېپىل ئۇلىنىڭ ئۈستىگە ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. سېپىل ئۇلى ناھايىتى قاتتىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بەزى جايلىرى ئۈستىگە سېلىنغان تامنىڭ تېگىدىن يېرىم مېتردىن بىر مېترغىچە چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بۇ ئەتراپتا خەزىنىچى بەگ قازى ئاخۇنۇم قاتارلىق بىرقانچە قازى، ئەئىلەملەرنىڭ تۇرالغۇ جايى بولغانىكەن.

تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغىنى شۇكى، 80 نەچچە ياشلىق موماي بىلەن 70 كە يېقىنلاشقان ياشانغان كىشىنىڭ ناھايىتى تەبىئىي ھالدا تونۇشتۇرۇشىدىن قارىغاندا، ئۇلار كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ، بۇ جاي مىرزا ئابابەكرى پادىشاھىم دېگەن كىشىنىڭ ئوردىسى، ئەتراپىدىكى ئوردا سېپىلنى ئاشۇ پادىشاھ سالدۇرغان، ياكى بۇ جاي ھەزرىتى غوجام پادىشاھىمىزنىڭ ئوردىسى، دېگەنلەرنى ئاتىسى ۋە باشقىلاردىن نۇرغۇن قېتىم ئاڭلاپ تۇرغان. يەنە ئۇلارنىڭ ئاڭلىشىچە، «ئوردا كۆل» نىڭ يېنىدىكى مەدرىسنىڭ ئىچىدە پەقەت چوڭ-چوڭ ئۆلىمالارلا كىرىپ چىقالايدىغان مەخسۇس بىر ھۇجرا بولۇپ، ھۇجرا ئىچىدىكى سۇپىنىڭ ئۈستىدە بىر ساندۇق بار ئىكەن، ساندۇق ئىچىدە باش كىيىم، چاپان، كۆڭلەك، تەسۋى قاتارلىقلار بولۇپ، كىشىلەر ئۇلارنى «ھەزرىتى غوجام پادىشاھىمىزنىڭ نەرسىلىرى» دەپ قارايدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا «ھەزرىتى غوجام پادىشاھىم» دېگىنى سۇلتان سەئىدخان بولۇپ، سەئىدخان زالىم مىرزا ئابابەكرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن ئەلنى ئادىل ئىدارە قىلغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپ «ھەزرىتى غوجام پادىشاھىم» دەپ ئاتىغان.

شاھ مەھمۇت جوراس يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن كىتابتا ئابدۇللاخاننىڭمۇ «سۇلتان سەئىدخاندىن قالغان كونا ئوردا» دا داۋاملىق تۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەن (مەزكۇر كىتاب 151-بەت). مەلۇمكى، ئابدۇللاخان سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئونىنچى خانى ئىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا «گۈل ئىرام» ناملىق ئوردىنىڭ باشتىن-ئاياغ سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئوردىسى بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقى بىر قاتار تارىخىي ئىزلار، تارىخىي يازما خاتىرىلەر ھەم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ تىرىك گۇۋاھچىلىرى بولغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئاڭلاپ كەلگەن ھەم كۆرگەن ئەسلىمىلىرىدىن قارىغاندا «ئوردا كۆل» مەھەللىسى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر ئۆزىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن «گۈل ئىرام» ناملىق ئوردىنىڭ ئورنى، شۇڭا بۇ جاينى سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئوردىسى بولغان ئورۇن، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

# سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدە يەكەندە بىنا قىلىنغان باغلار

سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدە باغۋەنچىلىك ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان. بۇ خاندانلىق تەۋەسىدىكى جايلاردا يېڭىدىن نۇرغۇن باغلار بەرپا قىلىنغان بولۇپ، ئۇ باغلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ نامى يەر نامى سۈپىتىدە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇنداق يەر ناملىرى يەكەن، قەشقەر ئەتراپىدىكى رايونلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇ دەۋردىكى تارىخچى شاھ مەھمۇت جوراس يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار» دېگەن كىتابتا يەكەندىكى بىر قىسىم باغلارنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدا «پولاتخان خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇش-تىن ئىلگىرى شامالباغدا ماكان تۇتقانىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «شامالباغ» ھازىر يەكەن شەھىرىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دەل-دەرەخلىك بىر كەنتنىڭ نامى. «شامال-باغ» نىڭ نامى بۇ كىتابنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇ كىتابتا يەنە سۇلتان مەھمۇتخان بىلەن سۇلتان ئەھمەتخانغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنىڭ بىرىدە «دۆڭباغ» دېگەن باغنىڭ ئىسمىمۇ خاتىرىلەنگەن. «دۆڭباغ» ھازىر يەكەن شەھىرىنىڭ تومتۇستەڭ يېزىسىغا تەۋە بىر كەنتنىڭ نامى.

«سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار» دا شۇ چاغدىكى شەھەرلەردىن يەكەن، قەشقەر، كۇچا، ئاقسۇ، تۇرپان، قۇمۇل، يېڭىسار، خوتەن قاتارلىق بىرمۇنچە شەھەرلەر تىلغا ئېلىنغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەكەن بىرقانچە جايدا «جەننەت» كە ئوخشىتىپ تەسۋىرلەنگەن. مەسىلەن: ئۇنىڭدا ئابدۇللاخان «يېڭى ئېرىقتىن مۇۋەپپەقىيەت بىلەن جەننەتكە ئوخشاش يەكەنگە يېتىپ كەلدى» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان يەكەن شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا باغ-بوستانلىق گۈزەل ماكان ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدە يەكەننىڭ شەھەر ئەتراپىدىلا 36 ئورۇندا باغ بىنا قىلىنغان. ھازىرغىچە «باغ» نامى بىلەن ئاتىلىۋاتقان جايلار يەكەن شەھىرىنىڭ ئەتراپىنى قورشىغان بولۇپ، ئۇلار «شامالباغ» «دۆڭباغ» دىن باشقا يەنە «ھەيدەرباغ»، «چىنە باغ»، «جاھانباغ»، «تېرەكلىك-باغ»، «جىنلىقباغ»، «تېتىرباغ»، «ئازغانباغ»، «بېھىشباغ»، «گۈلباغ»، «ئويباغ» دېگەنناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

پادىشاھنىڭ دوستلۇقىغا ۋە گۆدەكلەرنىڭ خۇش ئاۋازىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئاۋالقىسى بىر گۇمان بىلەن ئاينىپ قالىدۇ، كېيىنكىسى بىر كېچىدىلا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

يارى كۆپ مەشۇقنى دىلنى بەرمىگىل،
بەرگىنىڭدە سەندىن ئايرىلغۇسى دىل.

— شەيخ سەئدى

www.uyghurkitap.com



# ئىككى خەۋەر

## 1. قەدىمكى كۇسەن مەدەنىيەت تارىخى 500 يىل ئىلگىرى سۈرۈلدى

بۇ شىنخۇا ئاگېنتلىقى 1994-يىل 18-ئاۋغۇستتا تارقاتقان خەۋەر بولۇپ، تارىم مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم بىر ئۆتكەلنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن: يېقىنقى تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئارخېئولوگلار قەدىمكى كۇسەن دۆلىتىنىڭ خارابىسى، ھازىرقى باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل دەرياسى ۋە مۇزات دەرياسى ئەتراپىدا سىستېمىلىق قېزىش ئېلىپ بېرىپ، غەربىي جۇ سۇلالىسىدىن ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگىچە بولغان مەزگىلدىكى 160 نەچچە قەبرىنى بايقاپ ۋە ئىنقلاپ، جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ساپال قاچىلار ئاساس قىلىنغان، قوشۇمچە سۆڭەك، تاش، مىستىن ياسالغان تۈرلۈك ئەسۋابلاردىن 3000 دىن ئارتۇقنى تاپتى. مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيە تارىخىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ بۇ جاينىڭ مىلادىيدىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بوشلۇقىنى تۇنجى قېتىم تولدۇرغان.

خەن سۇلالىسى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يېقىنقى 7-، 8-ئەسىر تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ئۇدۇن، سۇلى، كىروران، كۇسەننى مەركەز قىلغان تۆت چوڭ مەدەنىيەت چەمبىرىكى پەيدىنپەي بارلىققا كېلىپ گۈللەنگەن دەۋر بولغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى تارىخنامىلەرگە يېزىلمىغانلىقتىن، ئۇ چوڭ بىر بوشلۇق بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش بۇ بوشلۇقنى تولدۇردى؛ بولۇپمۇ ئۇ قەدىمكى كۇسەن رايونىنىڭ دەسلەپكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ئەمەلىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش كۇسەن مەدەنىيەت تارىخىنى ئاز دېگەندە 500 يىل ئىلگىرى سۈردى، دەپ ھېسابلىدى.

قېزىلغان نۇرغۇن ئەسۋابلار ئىچىدىكى ئىككى تەرىپى ئەگمە مىس ئەينەكنىڭ ياسىلىشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مىس ئەينىكىگە ئوخشاش بولۇپ، قەدىمكى كۇسەن رايونىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن مۇئەييەن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم قەبرىلەردىن مەلۇم مىقداردا ئادەمنىڭ پۈتۈن جەسەت سۆڭىكى ئەۋرىشكىسى تېپىلدى، بۇ شۇ جاي توغرىسىدا تالاش-تارتىش بولۇۋاتقان قەدىمكى ئىرقشۇناسلىق تەتقىقاتىنى بىر تۈركۈم مۇھىم ئىپتىدائىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.

## 2. جۇڭگونىڭ گۈزەل سەنئەت تارىخى 20 مىڭ يىل ئالدىغا سۈرۈلدى

ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربىدە بۇنىڭدىن 30 مىڭ يىل ئىلگىرىكى كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت قىيا تاش رەسىملىرى بايقالدى. بۇ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى رەڭلىك

ساپالدىنمۇ قەدىمىي بولۇپ، يىراق قەدىمكى زاماندىكى ياۋروپانىڭ ئۆڭكۈر تام رەسىملىرىدىن قېلىشمايدۇ.

يېقىندا ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئارشان (قەدىمكى) خوشۇننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يابرەي تېغى ئۆتكۈرلىرىدىن قول شەكلىدىكى قىيا تاش رەسىملىرى بايقالدى. بۇ تاغنىڭ باغرى بىپايان چۆل-يايلاق، تاغنىڭ ئارقىسىغا باداتىن خاران قۇملۇقى جايلاشقان. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۈچ تاغ ئۆڭكۈرىدە 39 ئېنىق قول ئىزى بارلىقىنى ئېنىقلىدى. قول ئىزى قىزىل ۋە قارا رەڭدە بولۇپ، قىزىل رەڭدىكىلىرى كۆپرەك. بۇ قول ئىزلىرىنى ئىپتىدائىي ئادەملەر ئالقىنىنى تاشقا بېسىپ، ئاندىن قوش ئۇستىخانلىرى ياكى باشقا نەي شەكىللىك نەرسىلەر بىلەن ئۇخرا (قىزىل رەڭلىك مىنېرال رەڭ) ئۇۋۇقىنى ئالقىنىنىڭ ئىزىغا پۈركۈپ چىقارغان. يابرەي تېغىدىكى ئۈچ ئۆڭكۈردە قول شەكىللىك قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ قالدۇقلىرىمۇ بايقالدى. شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ تاغنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ قول شەكىللىك قىيا تاش رەسىملىرى بار ئىكەن. ئارخېئولوگ گەي شەنلىننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، قول شەكلىدىكى (قول ئىزى) قىيا تاش رەسىملىرى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى ئىكەن، ئۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۇسۇلدىن باشقا، ئۇخرا ئۇۋۇقىنى ئالقانغا سۈركەپ، ئاندىن ئالقاننى تاشقا بېسىپمۇ چىقىرىلىدىكەن.

قول ئىزناسى چۈشۈرۈلگەن قىيا تاش رەسىملىرى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بار. ئىسپانىيە، فرانسىيەدىكى قىيا تاش رەسىملىرىگە قول ئىزناسى بىلەن هايۋانلار رەسىمى تەڭ چۈشۈرۈلگەن. بۇنداق قىيا تاش رەسىملىرى يەر شارىدا هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان تارىخى ئەڭ ئۇزاق رەڭلىك رەسىم هېسابلىنىدۇ. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، جۇڭگونىڭ ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، نىڭشيا، يۈننەن قاتارلىق جايلىرىدىن قول ئىزناسى چۈشۈرۈلگەن قىيا تاش رەسىملىرى بايقالدى. ئۇلار تاش قورال دەۋرىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن.

ئىلگىرى رەڭلىك ساپال (بۇنىڭدىن 6000 يىل ئىلگىرىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ) جۇڭگونىڭ ئەڭ دەسلەپكى رەڭلىك رەسىم سەنئىتى، دەپ قارالغانىدى.

يابرەي ئۆڭكۈرىدىكى قول ئىزناسى چۈشۈرۈلگەن قىزىل، قارا رەڭلىك قىياتاش رەسىملىرىنىڭ بايقىلىشى ئارقىسىدا، جۇڭگونىڭ گۈزەل سەنئەت تارىخى 20 مىڭ يىل ئالدىغا سۈرۈلدى.

**شىنجاڭ گېزىتىدىن ئېلىندى**

---

بايلىق ئۆمۈرنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈندۇر، ئەمما ئۆمۈر مال توپلاش ئۈچۈن ئەمەس. بىر ئاقىلدىن (كىشىلەر) سوراشتى: "بەختلىك كىم ۋە بەختسىز كىم؟" ئاقىل دېدى: "بەختلىك شۇ كىشىكى، يەپ-ئىچىپ ھەم بېرىدى؛ بەختسىز شۇ كىشىكى، ئۆلدى، ھەممە نېمىسى قاپقالدى."

تۈگىمەس ئۆلگەن بېخىلنىڭ نامىزىنى ئوقۇما،<br>
مال يىغىشقا كەتتى ئۆمرى، ئۆزىمۇ نەپ كۆرمىدى.

**— شەيخ سەئدى**

www.uyghurkitap.com



# موگاۋ غارىدىكى نوم ساقلاش ئۆڭكۈرىنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتى

چېن خۇيشىڭ

موگاۋ غارىدىكى نوم ساقلاش ئۆڭكۈرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە بايقالغان. ئۇنىڭدا دىن، تارىخ، ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئائىت 50 مىڭدىن ئارتۇق تارىخىي ماتېرىيال بار بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇنى خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان، تىبەت، سانسكرىت، ئۇدۇن، كۇسەن، سوغدى، تۈرك يېزىقلىرىدا يېزىلغانلىرىمۇ بار ئىدى. بۇلار بۇددا دىنى، تەرىقەتچىلىك، كۆڭزىچىلار دەستۇرلىرى قاتارلىق مەزمۇنلاردا بولۇپ، تارىخ، شېئىرىيەت، ھېكايە، خەلق ئەدەبىياتى، يەرلىك تەزكىرە، نوپۇسقا ئائىت كىتابلار، ھېسابات دەپتىرى، كالېندارچىلىق، ھۆججەت، خەت-چەك قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. بۇ تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدە ئەڭ كونىسى ئالدىنقى چىن سۇلالىسىنىڭ «گەنلۇ 1-يىللىرى»غا (مىلادى 359-يىلى)، ئەڭ كېيىنكىسى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ چىڭيۈەن 2-يىلى (مىلادى 1194-يىلى)غا مەنسۇپ 12 ئەسىردىن قالغان تارىخىي يادىكارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قىممەتلىك ئاسارئەتىقىلەر قەدىمكى دەۋرلەردىكى جەمئىيەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، مەدەنىيەت، سەنئەت، دىن، ئىلىم-پەن، مىللەتلەر تارىخى ۋە دوستانە بېرىش-كېلىش ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللار بولۇپ، ئىلىمنىڭ «گۆھىرى» ھېسابلىنىدۇ.

بۇ «گۆھەر» ناھايىتى تاسادىپىي بايقىلىپ قالغان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 26-يىلى (1900-يىلى) 5-ئاينىڭ 25-كۈنى راھىب ۋاڭ يۈەنلۇ (خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ماچېڭ دېگەن يېرىدىن) كۆچمە قۇم بارخانلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقاندا، ھازىرقى 16-نومۇرلۇق غار يولىدا ئۆڭكۈرنى بايقاپ قالغان. بۇ بايقاش دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان. بىر قىسىم جاھانگىرلارنىڭ مەدەنىيەت جاسۇسلىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئىبلىس قولىنى موگاۋ غارىغا سۇنغان.

گۇاڭشۈينىڭ 31-يىلى روسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى بورروچېۋ قاتارلىق مەدەنىيەت جاسۇسلىرى دۇنخۇاڭغا كېلىپ قەدىمكى دەستۇرلارنى ئوغرىلاپ كەتكەن. گۇاڭشۈينىڭ 33-يىلى ئەنگلىيىلىك ستەيىن (ئەسلى تەۋەلىكى ۋېنگرىيە) تەرجىمانى جياڭ سۇنۋېن بىلەن موگاۋ غارىغا بېرىپ، ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت پىلان تۈزۈش ئارقىلىق ۋاڭ راھىبنى سېتىۋېلىپ 10 مىڭدەك نومنى 24 ساندۇققا قاچىلاپ، خەرىتە، رەسىم، كەشتە قاتارلىق بۇيۇملارنى بەش ساندۇققا قاچىلاپ (بۇلار ئىچىدە 500 شايى رەسىم بار)، لوندون مۇزېيىغا ئوغرىلىقچە يۆتكەپ كەتكەن. گۇاڭشۈينىڭ 34-يىلى يازدا فرانسىيىلىك پېللىئوت دۇنخۇاڭغا كېلىپ، ئۇمۇ ۋاڭ راھىبنى سېتىۋېلىپ، 6000 پارچىدىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كەتكەن. يەنە بىرنەچچە يۈز پارچە سۈرەت تارتىپ ئۇنىمۇ فرانسىيىگە ئېلىپ كەتكەن. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شۈەنتۇڭنىڭ 2-يىلى (1910-يىلى) گەنسۇ يەرلىك ھۆكۈمىتىگە قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بېيجىڭغا

يۈتكەش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. دونخۇاڭدىكى ھۆكۈمرانلار بۇ چاغدا 2000 پارچە مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى تىقىۋالغان. ۋاڭ راھىبمۇ بىرمۇنچىسىنى تىقىۋالغان، بېيجىڭغا 8000 دىن كۆپرەك دەستۇرلا يۆتكەپ ئاپىرىلغان. 1911-يىلى 10-ئايدا ياپونىيىلىك جىچۈەنشىياۋيىلاڭ بىلەن جۇرۇيىچاۋ موگاۋ غارىغا بېرىپ، ۋاڭ راھىبدىن 500 گە يېقىن (جىچۈەن بىرنەچچە يۈزنى، جۇرۇيىچاۋ 369نى) دەستۇر سېتىۋالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن ئىككى ھەيكەلمۇ بار ئىدى. مىنگونىڭ 3-يىلى (1914-يىلى) ستەيىن موگاۋ غارىغا ئىككىنچى قېتىم بېرىپ، ۋاڭ راھىبنى ئالداپ 600 دەستۇر سېتىۋالغان. شۇ يىلى يەنە چاروسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ئورتانبۇرگ موگاۋ غارىدىن بىر دەستۇرنى ئېلىپ كەتكەن. مىنگونىڭ 11-يىلى روسىيىلىك ئاق گۋاردىيىچى ئاننىكوۋ 500 كىشىنى باشلاپ شىنجاڭ ئارقىلىق موگاۋ غارىغا كېلىپ، غاردىكى ئىمارەت، تام رەسىملىرى ۋە بۇتلارنى بۇزۇپ، ۋەيران قىلىۋاتكەن. بۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى كىشىلەرنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغىغان. مىنگونىڭ 13-يىلى ئامېرىكىلىق ۋالنا موگاۋ غارىغا بېرىپ، خىمىيىلىك يېلىم بىلەن 26 تام رەسىمنى، تالڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ رەڭلىك ھەيكەلدىن بىرقانچىنى ئوغرىلاپ كەتكەن. مىنگونىڭ 14-يىلى ۋالنا يەنە موگاۋ غارىغا كېلىپ تام رەسىملىرىنى ئوغرىلىماقچى بولغاندا يەرلىك خەلقنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن.

موگاۋ غارىدىكى قىممەتلىك مەدەنىيەت گۆھەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئوغرىلاندى ۋە بۇزۇۋېتىلدى. بۇ مەملىكىتىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ چەكسىز غەزىپىنى قوزغىماي قالمىدى. يۇقىرىقى رېئاللىق بىر تەرەپتىن، جاھانگىرلارنىڭ مەدەنىيەت بۇلاڭچىلىرىنىڭ قەبىھ خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ چىرىك ۋە ئىقتىدارسىزلىقىدىن بىرنەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە دۆلەت گۆھىرىمىزنىڭ ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز موگاۋ غارىنى قوغداشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. شۇنداقلا 1961-يىلى 3-ئاينىڭ 4-كۈنى گوۋۇيۈەن موگاۋ غارىنى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئاسارئەتىقە قاتارىغا كىرگۈزدى، 1963-يىلدىن بۇيان كۆپ قېتىم پۇل ئاجرىتىپ، موگاۋ غارىدىكى بىرنەچچە يۈز غارنى رېمونت قىلدۇردى.

پەرھىز قىلمايدىغان ئالىم — مەشئەل كۆتۈرۈۋالغان قارىغۇ، ئۇ باشقىلارغا يول باشلايدۇ-يۇ، ئەمما ئۆزى توغرا يولدا ماڭمايدۇ.

كىمكى بىيابىدا ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى:
نەرسە ئالماستىن يولنى بۇزدى.

— شەيخ سەئدى

ھەرقاچان خوتۇن ئالساڭ خوتۇنۇڭنى ھۆرمەت قىل ۋە ھەرقانچە قەدىرلىك نەرسەڭ بولسىمۇ ساڭا ئىنايەت قىلغان، ئاق كۆڭۈل، توغرا يوللۇق خوتۇنۇڭ ۋە ئوغلۇڭدىن ئايىما، قىزغانما.

— شەمسۇلمەئالى قابۇس

# مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ مەشھۇر تاش ئۆڭكۈر

مەملىكىتىمىزنىڭ تاش ئۆڭكۈر ئويمىچىلىق سەنئىتى مىلادىدىن ئىلگىرى باشلىنىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تازا گۈللەنگەن، شۇنىڭدىن بۇيانقى نەچچە مىڭ يىل مابەينىدە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. ھازىرغىچە بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان تاش ئۆڭكۈردىن نەچچە ئونى بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئونى خېلى چوڭ.

**دۇنخۇاڭ موگاۋ تاش ئۆڭكۈرى:** بۇ ئۆڭكۈر گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى دۇنخۇاڭنىڭ نياۋشاسەن دېگەن يېرىدە بولۇپ، ئۇنىڭ 584 ئېغىزى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئۆڭكۈرلەردىكى تام رەسىملىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 45 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

**يۈنگاڭ تاش ئۆڭكۈرى:** بۇ ئۆڭكۈر شەنشى ئۆلكىسىنىڭ داتۇڭ شەھىرىدە بولۇپ، مىلادى 460-يىلى ياسالغان. ئۇنىڭدا 53 تاش غار، 51 مىڭدىن ئارتۇق ھەيكەل بار.

**لوگەن تاش ئۆڭكۈرى:** بۇ ئۆڭكۈر خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان. ھازىر ئۇنىڭدا 1352 تاش غار، 10 مىڭدىن ئارتۇق بۇت ساقلىنىپ قالغان.

**مىڭ بۇت تاش ئۆڭكۈرى:** بۇ ئۆڭكۈر سىچۈەن ئۆلكىسىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 7000 دىن ئارتۇق بۇت بار.

**قىزىل مىڭ ئۆيى:** بۇ ئۆڭكۈر شىنجاڭدا بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىردە ياسالغان. ھازىر ئۇنىڭدا 236 غار بار، بارلىق تام رەسىملىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

**مەيجىشەن تاغ ئۆڭكۈرى:** بۇ ئۆڭكۈر گەنسۇ ئۆلكىسى تيەنشۈي شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ھازىر ئۇنىڭ 194 تاش غارى ساقلىنىپ قالغان.

**بىزەكلىك تاش ئۆڭكۈرى:** بۇ ئۆڭكۈر تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 20 كىلومېتىر نېرىدا بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ 100 گە يېقىن تاش غارى ساقلىنىپ قالغان. بۇ غارلار ئىچىدە ئاساسەن تام رەسىملىرى بار.

**گۇڭشيەن تاش ئۆڭكۈر ئىبادەتخانىسى:** بۇ تاش ئۆڭكۈر ئىبادەتخانىسى خېنەن ئۆلكىسى گۇڭشيەن ناھىيىسىدە بولۇپ، ئۇنىڭدە 500 تاش غار بار.

**بىڭلىڭ ئىبادەتخانىسى تاش ئۆڭكۈرى:** بۇ ئۆڭكۈر گەنسۇ ئۆلكىسى يوڭجىڭ ناھىيىسىدە بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭدا 34 تاش غار، 694 بۇت بار.

**شىشاشەن تاش ئۆڭكۈرى:** بۇ ئۆڭكۈر نەنجىڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 20 كىلومېتىر نېرىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 500 بۇت بار.

يۇقىرىدىكى ماقالىلارنى

**ئىمىنجان** قاتارلىقلار خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلدى

# بورتالادىكى قىيا تاش رەسىملىرى

ئابدىرىشىت ئۇۋچى

ئەجدادلىرىمىز ئۇۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەدىمكى دەۋرلەردە ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى سۈرەتلەپ بېرىدىغان رەسىملەرنى قىيا تاشلارغا ئويۇپ قالدۇرغان. بۇنداق رەسىملەر «قىيا تاش رەسىملىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قىيا تاش رەسىملىرى بايقالغان. لېكىن، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا، بولۇپمۇ ئالتاي، غۇلجا، بورتالا قاتارلىق چارۋىچىلىق بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلاردا كۆپرەك بولۇپ، مەزمۇنى مول، ئۇرنىمۇ زىچ.

1988-يىلى بورتالا ئوبلاستلىق مۇزېيدىكىلەر بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بورتالا رايونىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بىرلىكتە تەكشۈرۈش داۋامىدا، قەدىمكى شەھەر ئىزلىرى، قەدىمكى قەبرىلەر، تاش ئادەم ۋە قىيا تاش رەسىملىرى قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېنىقلاپ چىققان. بورتالا رايونىدىكى كېيتېن يايلىقىدا قىيا تاش رەسىملىرى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن تاغ باغرىدىكى ۋە تاغ چوققىسىدىكى قارامتۇل ياپىلاق تاشلار يۈزىگە ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئويۇلغان. قىيا تاشلارغا ئويۇلغان رەسىملەر ئاساسەن ئات، تۆگە، قوي، تاغ تېكىسى، بۇغا-مارال، كالا، بۆرە، يولۋاس، ئوۋ ئىتى قاتارلىق ھايۋانلار رەسىمى، ئاتلىق، ئېشەكلىك، تۆگىلىك، پىيادە ئادەملەر رەسىملىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رەسىملەردە تاغ تېكىسى، بۇغا-مارال، قوي، تۆگىلەرنىڭ يايلاقتا يايلاۋاتقان كۆرۈنۈشى، بۆرە، يولۋاس قاتارلىق گۆشخور ھايۋانلارنىڭ تاغ تېكىسى، قوي، بۇغا-مارالارغا ۋەھشىيلىك بىلەن ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ھالىتى ئىنتايىن جانلىق تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆگىگە مىنىۋالغان ۋە ئاتلىق كارۋانلارنىڭ كارۋان يولىنى بويلاپ، يايلاق ئىزدەپ كۆچۈپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەرمۇ بار. يەنە بەزى تاشلارغا يېزىققا ئوخشايدىغان بەلگىلەر، ھارۋا چاقى، قوياش قاتارلىقلار ئويۇلغان بولۇپ، بۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى ۋاقىتلاردىكى ئاسمان جىسىملىرىغا بولغان ئېتىقادىنى بىلدۈرىدۇ.

بورتالا رايونىدىكى كېيتېن، قويتاش، ئارچات، ئارشاڭ يايلاقلىرىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەجدادلىرىمىز بورتالادىن ئىبارەت بۇ كەڭرى زېمىندا ئۇۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي، ھۈنەرۋەنلىك، نەققاشچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان.

ئىتائەت قىلىش ئىبادىتىنى كۆرسەتكەن ۋە دوستلۇق ئىزھار قىلغان ئاجىز دۈشمەن پەقەت كۈچلۈك دۈشمەنگە ئايلىنىشنىلا مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى «دوستلارنىڭ دوستلۇقىغا ئىشەنچ يوق» دېيىلىۋاتقان يەردە، دۈشمەننىڭ خۇشامەتكويلۇقىغا قانداق ئىشەنگىلى بولسۇن؟!

— شەيخ سەئدى

www.uyghurkitap.com



# قەيس خوجام مازىرى

يۇنۇس سادىق

قۇمۇل شەھەر مەركىزىدىن ئىككى كىلومېتىر نېرىدىكى چاۋاغدا قەيس خوجام مازىرى دەپ ئاتىلىدىغان بىر مازار بار. قەيس خوجامنىڭ تولۇق ئىسمى قەيس ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، ئەرەبىستاننىڭ مەدىنە شەھىرىدىن، مىللىتى ئەرەب. بۇ گۈمبەز يېشىل سىرلىق فارفۇر كاھىشتىن ياسالغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «يېشىل گۈمبەز»، «چىنە گۈمبەز» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنگۇەن يىللىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنى تارقىتىش ئۈچۈن جۇڭگوغا ئۈچ كىشىنى ئەۋەتكەن. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئىسمى قەيس، ئۇۋەيس، ۋەققاس بولۇپ، ئۇلار سۇ يولى ئارقىلىق گۇاڭجۇغا كەلگەندە، ۋەققاس كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان ۋە گۇاڭجۇدا يەرلىككە قويۇلغان. ئۇۋەيس بىلەن قەيس چاڭئەنگە يېتىپ كەلگەندە، تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارنى قارشى ئالغان. ئۇلار شىنجاڭ ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە ئۇۋەيس گەنسۇ خېشىنىڭ خويخويپۇ دېگەن يېرىگە كەلگەندە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. قەيس خوجام تاڭ سۇلالىسى جىنگۇەننىڭ 9-يىلى (مىلادى 635-يىلى) شىنجاڭ چېگرىسىدىكى شىڭشىڭشياغا كەلگەندە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ۋە يولۇچىلار ئۇنى شۇ يەردىلا دەپنە قىلىپ، ئاددىي بىر قەبرە ياساپ قويغان. ئۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن قۇمۇل ۋاڭى شىڭشىڭشياغا ئادەم ئەۋەتىپ، قەيس خوجامنىڭ قەبرىسى ئورنىغا بىر گۈمبەز ياساتقۇزغان. بۇ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە ئەرەبچە بېغىشلىما ۋە ئايەتلەر يېزىلغان. قەبرە ئالدىغا «ئەرەبتىن كەلگەن ئەۋلىيا قەيس خوجامنىڭ قەبرىسى» دېگەن خەت يېزىلغان تاختاي ئورنىتىلغان.

مىنگونىڭ 28-يىلى (1939-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ شىڭشىڭشيانى ساقلاپ تۇرغان چېگرا ئەترىتى گازارما ياسىغاندا خىش يېتىشمەي قېلىپ گازارما يېنىدىكى قەيس خوجام گۈمبىزىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ خىش-كېسەكلىرىنى ئىشلەتكەن. 1945-يىل 6-ئاينىڭ 30-كۈنى قەيس خوجامنىڭ جەسىتىنى قۇمۇلغا يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن شىڭشىڭشياغا بارغان جامائەت ۋەكىللىرىدىن 21 كىشى جەسەتنى قېزىۋالغان. جەسەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە چىدىن ئۇشۇق بولۇپ، قوۋۇرغىلىرىدىكى ئەت شۇ پېتى يېپىشىپ قالغان. ئاپئاق ساقىلىمۇ ئۆز پېتى تۇرغان. 7-ئاينىڭ 1-كۈنى سەھەردە جەسەت قۇمۇلغا يەتكۈزۈپ كېلىنگەن. 7-ئاينىڭ 4-كۈنى داغدۇغىلىق تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، قەيس خوجامنىڭ جەسىتى ھازىرقى چاۋاغقا قويۇلغان.

قەيس خوجامنىڭ جەسىتىنى يۆتكەش-دەپنە قىلىش مۇراسىمى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، تاۋۇتقا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئەۋلادى — بەشىر ئىئانە قىلغان يېشىل گۈللۈك يوپۇق يېپىلغان، تاۋۇتنىڭ بېشىغا زەرۋاپتا سەللە ئورالغان بولۇپ، ناھايىتى ھەشەمەتلىك تۇس ئالغان. قەيس خوجامنىڭ جەسىتى يەرلىككە ئېلىپ مېڭىلغاندا تاۋۇتنىڭ ئالدىدا تەزىيە بېغىشلىمىلىرىنى كۆتۈرگەن كىشىلەپ توپى، كەينىدە 30 پارچە قۇرئان كەرىم ئارتىلغان، ئاق يوپۇق يېپىلغان تۆت ئاق ئات ماڭغان، ئۇنىڭ كەينىدە قەيس خوجامنىڭ تاۋۇتى ئېلىپ مېڭىلغان.

قەيس خوجامنىڭ قەبرىسى گۈمبەز شەكلىدە بولۇپ، ئۈستى يۇمىلاق، ئاستى تۆت چاسا، گۈمبەز ئۈستىگە يېشىل سىرلىق كاھىش يېپىتىلغان، تۆت ئەتراپى پېشايۋان بولۇپ، قەبرە ئىشىكى جەنۇبقا قارايدۇ. جەسەت گۈمبەزنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان. گۈمبەزنىڭ ئېگىزلىكى ئون مېتىر، كۆلىمى ئىككى مو بولۇپ، تۆت ئەتراپى يېشىل دەل-دەرەخلەر بىلەن ئورالغان. شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۇلار بۇ يەرنىڭ مۇھىتىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەن. ھازىر بۇ مازار ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئورۇن بولۇپ قوغدالماقتا.

# ئاراتام بۇتخانىسى ۋە ئۇنىڭ ۋەيران بولۇشى

ئالىم ھاشىر

قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەسىدە خېلى كۆپ بۇتخانا بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاراتام بۇتخانىسى، تەيزاڭ بۇتخانىسى، شەرقىي بۇتخانا قاتارلىقلار چوڭراق ۋە ئاساسلىق بۇتخانىلار ھېسابلىنىدۇ.

ئاراتام بۇتخانىسى قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن تەخمىنەن 40 كىلومېتىر نېرىغا، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان. بۇتخانىنىڭ يېنىدا يەنە مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل ئاراتام باغچىسى بار. بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا مەدەنىيىتىگە دائىر مول مەدەنىيەت ئىزنالىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاراتام بۇتخانىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى «ئۇيغۇر شەھىرى» خارابىسى، بۇ خارابىلەردىن تېپىلغان تاش قورallar دەۋرىگە مەنسۇپ ئۆي سەرەمجانلىرى، تاش پۈتۈك، تاش ئويما نەقىش، ھەر خىل قۇشلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن رەڭدار رەسىملەر ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاراتام بۇتخانىسىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئىزناسىدىن قارىغاندا، بۇ بۇتخانا تاغنىڭ يان باغرىنى بويلاپ بىر كىلومېتىر دائىرىگە سوزۇلغان. ھازىر 400-500 مېتىر دائىرىدە ئىزناسى بار. ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈكسەك بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ بۇتخانىنىڭ 1-قەۋىتى گۈمبەزسىمان بولۇپ، ئۆيلەر تاغ باغرىغا سېلىنغان. بۇتخانا تاملىرىنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىر بولۇپ، تاغقا يۆلەپ قوپۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭغا ياغاچ قوزۇق قېقىلىپ، تام تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەن. شىمالىي تامغا ئويۇلغان نەقىش ۋە رەسىملەر بىلەن غەربىي ۋە شەرقىي تام، بۇلۇڭلاردىكى نەقىش، رەسىملەرنى كىرىشتۈرۈپ قارىغاندا، شىمالىي تامدا باش قىسمى ساقال-بۇرۇتتىن تارتىپ تولۇق، ئولتۇرغان ھالەتتىكى چوڭ بىر بۇتنىڭ بېلىنىڭ يۇقىرىسى ھاسىل بولىدۇ؛ شەرقىي ۋە غەربىي تاملاردىكى كىچىك بۇتلار گويا پادىشاھنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپ تارتىپ ئولتۇرغان مۇلازىملاردەك ئاجايىپ بىر خىل ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈشنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ ئۆينىڭ بۇتخانىدىكى ئەڭ چوڭ بۇددىستلار ئولتۇرىدىغان ياكى پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئۆي ئىكەنلىكى مەلۇم. چۈنكى باشقا ئۆيلەردىمۇ شۇنداق ھەر خىل شەكىلدىكى بۇتلار بولسىمۇ، بۇ ئۆيدىكىدەك كەۋدىلىك ئەمەس.

گېرمانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى فون. لىكوك 1905-يىلى قۇمۇلغا كەلگەندە شەرقىي شىمال تاغ ئېتىكىدىكى ئاراتام بۇتخانىسى بىلەن شەرقىي بۇتخانىنى تەكشۈرگەن. ئەمما ئۇزاق يىللاردىن بۇيان تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن قار سۇلىرى ۋەيران قىلىۋەتكەن سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ پارچىلىرىنىلا ئۇچراتقان.

1928-يىلى شۋېتسىيىلىك بوگمان قۇمۇلغا كېلىپ، ئاراتام ۋە يەتتە قۇدۇق قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى قازغان. ئۇ يەنە ئاراتام بۇتخانىسى بىلەن توغچى رايونىنىڭ بۇگۇر كەنتىگە تەۋە «ھىندىكۆل» گۈللۈك كېمىرلىرىنىڭ تام رەسىملىرىنى سويۇپ ئېلىپ، 50 ساندۇققا قاچىلاپ، 28 تۆگىگە ئارتىپ چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئاراتام بۇتخانىسىنىڭ شىمالىي تېمىدىكى چوڭ بۇتنىڭ رەسىمى بىزگە فون. لىكوكنىڭ «جۇڭگو - تۈركىستاندىكى گۆھەرلەر» دېگەن ئەسىرىدىكى «بۇنىڭدىن 1000 يىل بۇرۇنقى بۇ رەسىملەرنىڭ ھەرگىزمۇ مودېل تاختا بىلەن بېسىپ چىقىرىلغان كونا نۇسخىدىكى رەسىملەر ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا سىزىلغان ئادەملەر بەئەينى تىرىكتەك تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر ئىكەنلىكى» ھەققىدىكى بايانىنى ئەسلىتىدۇ.

بۇددا دىنى ھىندىستاندىن خوتەن ئارقىلىق «يىپەك يولى»نى بويلاپ، قەشقەر،

كۇچا، تۇرپان ۋە دونخۇاڭدىن ھالقىپ كورىيە، ياپونىيىلەرگىچە بولغان بۇ ئارىلىقتا گۈللۈك كېمىرلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، «مەدەنىيەت سېپىلى» نى ياراتقان. ئاراتام ئەنە شۇ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بويىچە تەرەققىي قىلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان «مەدەنىيەت يولى» دىكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان «مەدەنىيەت يولى» دىكى بىر بېكەتكە ئايلانغان. ئاراتام بۇتخانىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كېمىرلەردىن تېپىلغان بۇددا دىنى نەسھەتلىرى پۈتۈلگەن تاشلار (بىر چوڭ تاش پۈتۈك 1985-يىللار ئەتراپىدا يوقالغان. سەككىز قۇر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى پۈتۈلگەن يەنە بىر كىچىك تاش ھازىر قۇمۇل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىدا ساقلانماقتا)، كېمىر سەنئىتىگە ئائىت رەڭدار رەسىملەر بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. ئەپسۇسكى بىرقانچە قېتىملىق ۋەيرانچىلىق بۇ بۇتخانىنى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋەتكەن.

قۇمۇل غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ كېيىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن جايلارنىڭ بىرى. ئىسلام دىنى تەشۋىق-تەرغىبات يولى ئارقىلىق تۇنجى قېتىم، يەنى مىلادى 1250-يىللىرى ئەتراپىدا بۇ جايلارغا تارقىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ بۇ دەۋرلەر قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان ھەم بۇددىزم مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىپ راسا گۈللەنگەن مەزگىل بولغاچقا، ئىسلام دىنىنىڭ تەشۋىق-تەرغىباتى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىغان. بىراق ئىككى خىل دىن بىلەن ئىككى خىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ كۈچىيىپ، ئۇ مىلادى 1250-يىللىرىدىن تاكى مىلادى 1605-يىللىرىغىچە 350 يىلچە داۋاملاشقان. بۇ جەرياندا ئىسلام دىنى مۇستەھكەملىنىپ، بۇددا دىنىنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولغان بۇتخانا قاتارلىق ئورۇنلار، گۈللۈك كېمىرلەر، ھەيكەللەر بۇزۇپ تاشلانغان، بۇددىزم سەنئەت ئەسەرلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، ئاراتام بۇتخانىسى مانا مۇشۇ مەزگىلدە بۇزۇۋېتىلگەن. بۇ ئۇنىڭ 1-قېتىم ۋەيران بولۇشى ھېسابلىنىدۇ.

ئاراتام بۇتخانىسىنىڭ 2-قېتىم ۋەيران بولۇشى قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ 3-بېگى كۇپا بەگ دەۋرى (1709-يىلى)گە توغرا كېلىدۇ. بۇ دەۋردە جۇڭغارلارنىڭ تەسىر دائىرىسى قۇمۇلغىچە كېڭەيگەن. لاما دىنى شەرقىي موڭغۇللار ئارقىلىق ئويراتلار ئىچىگە تارقالغاندىن كېيىن، ئۇلار دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم بىر جايغا مۇھتاج بولغان. بۇ چاغدا قۇمۇلدا بۇددا دىنى ئاجىزلىشىپ، ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان مەزگىل ئىدى. بۇ چاغدا كۈچلۈك جۇڭغار ئويراتلىرى قۇمۇلنى بېسىۋېلىپ، بۇگۇر، تەيزاڭ بۇتخانىسى، «ھىندىكۆل» ئەتراپى، ئاراتام بۇتخانىسى ۋە مۇشۇ ئەتراپتىكى «خوتۇنتام» نى مەركەز قىلغان ھالدا قۇمۇلغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى بۇتخانىلار ئىسلاملىشىپ بولغان قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن «قالماق ئۆيلىرى» دەپ ئاتالغان. ھازىرمۇ بۇ يەرلەرنى يەرلىك ئۇيغۇرلار «قالماق ئۆيلىرى» دەپ ئاتايدۇ.

1717-يىلى ئەتراپىدا قۇمۇل بەگلىرى خەلقنى تەشكىللەپ «قالماق ئۆيلىرى» دەپ ئاتالغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى بۇزۇپ تاشلىغان.

ئاراتام بۇتخانىسى يېقىنقى يىللاردا، يەنى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ۋە 1980-يىللاردىكى «ئالتۇن ئىزدە» دولقۇنىدا 3-قېتىم ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇ يەردە ئىلگىرىكى ۋەيرانچىلىقلاردىن ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم سەنئەت بۇيۇملىرى بۇزۇۋېتىلگەن، بۇتخانا تاملىرى بۇزۇپ يەرگە ئوغۇت قىلىۋېتىلگەن. 80-يىللاردا بولسا بۇتخانىنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرى قېزىلىپ، ۋەيران قىلىۋېتىلگەن.

ئۈچ قېتىملىق ۋەيرانچىلىقتىن كېيىن ئاراتام بۇتخانىسىنىڭ بىزگە قېپقالغىنى ھازىرقى ۋەيرانە ھالىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان بىر-ئىككى قول يازما، تاش پۈتۈكلەر ۋە چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئېلىپ كەتكەن بىر قىسىم بۇيۇملاردىنلا ئىبارەت. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا ئۇنىڭ ھازىرقى بار ھالىتىنى قوغداپ قېلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر.

# پېللىئوتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دۇنخۇاڭغا قىلغان ئېكسپېدىتسىيىسى

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

مىلادى 18-، 19-ئەسىرلەردە ئىلىم-پەن تەتقىقاتى چوڭقۇرلاشقان ئەنگلىيە، روسىيە، گېرمانىيە، شۋېتسىيە ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترەتى ۋە سەيياھلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا، بولۇپمۇ «سىرلىق رايون» دەپ نام ئالغان شىنجاڭدا تۈرلۈك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، دۇنيا ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتىمۇ باشقا جايلاردىكى تەكشۈرۈش، ئېكسپېدىتسىيىسىنى توختىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا ئالاھىدە قىزىققان. شۇنىڭ بىلەن فرانسىيە ئادەم تەشكىللەش ۋە تەكشۈرۈشكە بېرىش ۋەزىپىسىنى پېللىئوتقا ھاۋالە قىلغان. پېللىئوت ئادەم كۈچى ۋە ماددىي مەبلەغ جەھەتتىن تولۇق تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، 1906-يىل 6-ئاينىڭ 15-كۈنى پارىژدىن يولغا چىقىپ موسكۋا ئارقىلىق تاشكەنتكە كېلىپ، بىر ئاي تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن ماشىنا بىلەن تاشكەنت، پەرغانە، پامىر ئارقىلىق ئوسقا كەلگەن. 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەرگە كېلىپ، روسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ مېھمانخانىسىغا چۈشكەن. شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەسلىدىكى پىلانى بويىچە قەشقەردىن كۇچاغا بېرىپ، قېزىش-تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى بولغان بولسىمۇ، گرونۋېدېل باشچىلىقىدىكى ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ كۇچادا جىددىي قېزىش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، روسىيىلىك بېلزوۋېسنىڭ ئاقسۇ، كۇچا ئارىلىقىدا قېزىش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولۇپ، قەشقەر ئەتراپلىرىدىكى قەدىمكى ئىزلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى بولغان. ئۇ خەنزۇ تىلىغا ناھايىتى پىششىق بولغانلىقتىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردىكى يەرلىك ئەمەلدارلىرىغا پارا بېرىپ، ئۆز تەكشۈرۈشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا شارائىت ھازىرلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەشقەر ئەتراپىدىكى پايناپ كەنتىگە بېرىپ تەكشۈرۈش-قېزىش ئېلىپ بارغان. بۇ جايدىن قەدىمكى ئىنسانلارغا ئائىت نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقاندىن كېيىن، كۇچاغا قاراپ يول ئالغان. ئۇ يول ئۈستىدە مارالبېشىنىڭ تۇمشۇق كەنتىدىكى بىر قەدىمكى ئىبادەتخانىدا قېزىش ئېلىپ بارغاندا، قەندىھار ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن بۇددا ھەيكەللىرى ۋە بۇددا مەدەنىيىتىگە ئائىت نەرسىلەرنى ئۇچراتقاندىن كېيىن بۇ جايغا تېخىمۇ قىزىققان. شۇڭا ئۇ يەرلىك كىشىلەردىن 30 ئادەمنى ياللاپ كەڭ دائىرىلىك قېزىش نەتىجىسىدە ئاجايىپ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلاردىن نەچچە ئون ساندۇق تاپقان. پېللىئوت تۇمشۇقتا ئالتە ھەپتە قېزىش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، 1907-يىل 1-ئاينىڭ 2-كۈنى كۇچاغا بېرىپ قىزىل، قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرىدە تەكشۈرۈش ھەم سۈرەتكە تارتىش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئەمما پېللىئوت كۇچاغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا گېرمانىيە، روسىيە ۋە ياپونىيىدىن كەلگەن ئۈچ تۈركۈم ئېكسپېدىتسىيىچىلەر كۇچا، باي ئەتراپلىرىنى ئالللىقاچانلا قېزىپ تەكشۈرۈپ بولغانىدى. پېللىئوت قىزىل، قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرىدىن 500 پارچىدىن كۆپرەك سۈرەت ئالغاندىن كېيىن، كۇچانىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئاكور دېگەن ئىبادەتخانا خارابىسى بىلەن كۇچانىڭ شىمالىدىكى سۇ بېشى بۇددا ئىبادەتخانىسىدا ئىككى ئاي قېزىش ئارقىلىق قەدىمكى كۇسەن يېزىقى، براھما يېزىقى، سوغدى يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقلىرىدىكى نوم، سۇترالار، تارشا پۈتۈكلەر، ئويما نەقىشلىك بۇيۇملار، خەت-چەكلەر، قەدىمكى پۇللار، سودا كارۋانلىرىنىڭ يول خېتى ۋە قەدىمكى ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە ئائىت كۆپلىگەن يادىكارلىقلارنى تاپقان.

1908-يىلى پېللىئوت ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزەتكەندىن كېيىن، يەرلىك ئادەملەردىن بىرقانچىنى دوست تۇتقان. بۇلار ئارىسىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى گۇاڭشۈينىڭ بىر نەۋرە ئىنىسىمۇ پېللىئوت بىلەن دوست بولۇپ، پېللىئوتنىڭ دۇنخۇاڭغا تىنچ-ئامان يېتىپ بېرىشى ۋە ئۇ جايدىكى پائالىيىتى ئۈچۈن كۆپ ياردەملەرنى قىلغان. دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئۇ يەرلىك كىشىلەر ئاغزىدىن «دۇنخۇاڭدىكى بىر ھۇجرىدىن نەچچە توننا كەلگۈدەك كىتاب ۋە قول يازمىلار تېپىلىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۈرۈمچىدىن دۇنخۇاڭغا قاراپ يولغا چىققان. مېڭىش ئالدىدا پادىشاھ گۇاڭشۈينىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ئۇنىڭغا ئۈرغۇلدىكى بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن تېپىلغان نەچچە باغلام قول يازمىنى يوللۇق تۇتقان. 1907-يىلى 12-ئايدا ئۇ دۇنخۇاڭ بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 29 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى مىڭئۆي تىزمىلىرىغا بارغاندا، نەچچە ئاي بۇرۇنلا گېرمانىيىلىك ستەيىننىڭ بۇ جايغا كەلگەنلىكى ۋە شۇ جايدىكى بۇددا راھىبلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن كىتاب ھەم قول يازمىلار بىلەن تولغان بىر مەخپىي كامىرنى ئېچىپ، ئۇ جايدىن نەچچە ئون ساندۇق ۋەسىقىلەرنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ تولىمۇ ئەپسۇسلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ بەش ئادىمى بىلەن ستەيىندىن ئېشىپ قالغان كىتاب ۋە قول يازمىلارنى توپتوغرا بىر ئايدا ئاران كۆرۈپ بولۇپ، 5000 پارچىدىن كۆپرەك ۋەسىقىلەرنى تاللاپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى بۇ جايدىكى ۋەسىقىلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان راھىبتىن 500 سەر كۈمۈشكە سېتىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ۋەسىقىلەرنى 24 ساندۇققا قاچىلاپ، مەخپىي ھالدا پارىژغا ماڭدۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ جايدىكى كۆرگەن ئەھۋاللىرى توغرىسىدا خېنېيدىكى يىراق شەرق ئىنىستىتوتىنىڭ دوكتورىغا خەت يازغان، ئارقىدىنلا يىراق شەرق ئىنىستىتوتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلىدا «گەنسۇدىن تېپىلغان ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت خەزىنىسى» دېگەن تېمىدا 27 بەتلىك دوكلات ئېلان قىلغان. نەتىجىدە دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ مىقدارى، مەزمۇنى ھەم تىل-يېزىقلىرى دۇنياغا مەلۇم بولۇپ، دۇنياۋى شەرقشۇناسلىققا زېمىن ھازىرلىغان ھەمدە «دۇنخۇاڭشۇناسلىق»تىن ئىبارەت بىر يېڭى تارماق پەن بارلىققا كەلگەن.

1910-يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دۇنخۇاڭدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىلىپ كېتىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇ جايدىكى بارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ۋە خەت-چەك، ۋەسىقىلەرنى بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىش بىلەن بىللە، دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى چەت ئەللەرگە سېتىپ بەرگەن راھىبقا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. پېللىئوتنىڭ غەربىي رايوندىن ئېلىپ كەتكەن ماتېرىياللىرى ئىچىدە بىراھما يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى، تىبەت يېزىقى، سوغدى يېزىقى، كۇسەن يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدىكى ۋەسىقىلەر ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، سانىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى چۆچۈتەتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى فرانسىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى مولسېپور بۇ ماتېرىياللار ھەققىدە گېزىتكە خەۋەر بەرگەن. ئۇنىڭدا: «بىرىنچى خىلى تەخمىنەن 300 توملۇق كىتابقا باراۋەر بولۇپ، ئۇلار قەدىمكى قول يازمىلار؛ ئىككىنچى خىلىدىكىسى 30 مىڭ قىسىم. يەنە پېللىئوتنىڭ ياردەمچىلىرىدىن ۋاياك بىلەن نوئېتنىڭ شىنجاڭدىن ئېلىپ كەلگىنى 7000 پارچىدىن كۆپرەك سۈرەت، 800 خىل ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسى، 200 خىل ئۇچار قۇشلار ئەۋرىشكىسى، 200 خىل سۈت ئەمگۈچى ھايۋانات ئەۋرىشكىسى، ھاشارات ۋە ئادەمنىڭ باش سۆڭەك ئەۋرىشكىسى ھەمدە تەتقىقات قىممىتى يۇقىرى باشقا خىلدىكى نەرسىلەر بولۇپ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ...» دېيىلگەن. پېللىئوتنىڭ بۇ تۆھپىلىرى پارىژنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا تۈرلۈك مۇكاپات ۋە ئۇنۋانلار بېرىلگەن. كېيىن ئۇ فرانسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى سۈپىتىدە بېيجىڭدا تۇرۇپ، داۋاملىق ماتېرىيال توپلىغان. 1930-يىلى ياپونىيىنى زىيارەت قىلغان. ئۇ ناھايىتى كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىگە زور تۆھپە قوشقان. 1945-يىل 10-ئاينىڭ 26-كۈنى بەختكە قارشى پارىژدا ۋاپات بولغان.

# ئوتتۇرا ئاسىيا يەر ناملىرىدىكى «ئاق سۇ» ۋە «قاراسۇ»

ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى يەر نامى قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلاردا نۇرغۇن يەر ناملىرىنىڭ تەكرارلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، «ئاق سۇ»، «قاراسۇ» دېگەندەك ناملار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمىدىكى رېسپۇبلىكىلار ۋە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ. «ئاق سۇ» ۋە «قاراسۇ» ئادەتتە دەريا، ئۆستەڭ ۋە كۆللەرنىڭ نامى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەھەللىلەر، چوڭلىرى شەھەر-بازار، كىچىكلىرى كەنت-قىشلاقلار دائىم تەبىئىي ھالدا ئاق سۇ، قاراسۇ دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان.

«ئاق سۇ» ۋە «قاراسۇ» دېگەن سۆزلەر تۈركىي تىل بولۇپ، ئۇ، ئاق، قارا دېگەن مەنىنىلا بىلدۈرمەيدۇ. ئەگەر بەزىلەر خەت مەنىسىگە ئاساسەن كۆچمە مەنىسىنى قوللىنىپ، ئاق سۇنى سۈپسۈزۈك سۇ، قاراسۇنى لاي سۇ دەپ چۈشىنىدىغان بولسا، بۇ دەل ئىككى يەر نامىنىڭ ئەسلى مەنىسىنىڭ ئەكسى بولۇپ قالىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ئاق سۇ ئەكسىچە لاي سۇ، قاراسۇ بولسا سۈزۈكتۇر.

جۇغراپىيىشۇناسلىق نۇقتىسىدىن «ئاق سۇ» ۋە «قاراسۇ» نامى بىلەن ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دەريا، كۆل، ئۆستەڭ قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ، بىز «ئاق سۇ» ۋە «قاراسۇ» نىڭ ئورتاقلىقى بارلىقىنى، ئىككىسىنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىمۇ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقىي مەنىسى مۇشۇ يەردە.

ئادەتتە «ئاق سۇ» دەپ ئاتالغان سۇ ئېگىز تاغلاردىكى قار-مۇزلار ئېرىگەن سۇنى ئاساسلىق سۇ مەنبەسى قىلغان. قار-مۇزلار ئېرىگەن سۇدىن شەكىللەنگەن دەريالارنىڭ ھەممىسى پەسىللىك دەريا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە روشەن بولغان كەلكۈن مەزگىلى ۋە سۇ تارتىلىش مەزگىلى بولىدۇ. ياز پەسلىدە دەريا سۈيى ئۆرلەيدۇ. قىش پەسلىدە شىرىلداپ ئاقىدىغان كىچىك ئېقىن بولىدۇ ياكى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىدۇ. يازدا كەلكۈن مەزگىلىدىكى دەريا سۈيىدە زور مىقداردا سېغىز توپا بولۇپ، دەريا سۈيى لاي ۋە ئاق رەڭدە بولىدۇ. قىزىل رەڭلىك سېغىز قۇملارغا ئارىلىشىپ كەلگەن سۇ تەركىبىدە «قىزىل سۇ» دەپ ئاتىلىدىغان نام بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمىدا ئۇمۇ ئاق سۇغا تەۋە. شۇڭا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «ئاق سۇ» تىرىك سۇ، ئۆلۈك سۇ ئەمەس دېيەلەيمىز. ئاق سۇدا يەر سۈغىرىش قارا سۇغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، بولۇپمۇ ئادەم ۋە ھايۋانلارغىمۇ پايدىلىق.

ئادەتتە «قاراسۇ» دەپ ئاتالغان سۇنىڭ مەنبەسى ئېگىز تاغلاردىكى قار-مۇزلار ئېرىگەندىكى سۇ بولماستىن، ھەممىسى يەر ئاستى سۈيىنى ئاساسىي سۇ مەنبەسى قىلىدۇ. گەۋدىلىك كەلكۈن مەزگىلى يوق. ئاز دېگەندە ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: 1. بۇلاق سۈيى؛ 2. سازلىقتىكى ئۆلۈك سۇ، كۆلچەك، كۆل؛ 3. يەر ئاستىدىكى ئازراق سۇنىلا مەنبە قىلىدىغان دەريا ياكى ئېرىق. قاراسۇ دەپ ئاتالغان سۇ ئۆلۈك سۇنىمۇ، تىرىك سۇنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بۇنداق سۇ دائىملىق سۈپسۈزۈك بولۇپ تېگىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەمما قارا سېغىز ۋە كۆك قۇمنىڭ نۇر قايتۇرۇشى ئادەمدە قارا رەڭلىك تۇيغۇنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا قاراسۇ دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ ئۇقۇملار بەزى چەت ئەللىك جۇغراپىيىشۇناسلارغا ناھايىتى ئېنىق. ئەمما ئادەتتىكى كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى بۇنى چۈشەنمەيدۇ. بەزىلەر ھەتتا بۇنىڭغا قالايمىقان ئىزاھ بېرىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قانۇنىيەتنى بىلىۋالساق، بىز ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى «ئاق سۇ» ۋە «قاراسۇ» نىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى توغرا چۈشىنەلەيمىز.

# جەنۇبىي ئامېرىكا ئورمانلىقىدىكى ئېچىلمىغان سىرلار

جەنۇبىي ئامېرىكىدا بىپايان تروپىك بەلباغ يامغۇرلۇق ئىقلىم ئورمانلىقى بار. بۇ سىرلىق چوڭ ئورمانلىقتا نۇرغۇن يېشىلمەس سىرلار ساقلىنىپ كەلگەن.

پېرو دۆلەت داشۆسى مۇزېيىدا ئىنتايىن قەدىمكى بىر تاش ئويما ساقلانغان. بۇ تاش ئويمىغا قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن ئىندىئانلارنىڭ بىر ئۆلىماسىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن. ئۇ نەيچىسمان بىر نەرسىنى كۆزىگە يېقىن تۇتۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاسماننى كۆزدىتىۋاتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. رەسىمدىكى بۇ ئۆلىمانىڭ قولىدىكى نەيچىسمان نەرسە ئاسترونوملارنىڭ غايەت زور قىزىقىشىنى قوزغىغان، چۈنكى ئۇ ھازىرقى زاماندىكى دۇربۇنغا ئىنتايىن ئوخشاپ كېتىدىكەن. كىشىلەر ئادەتتە تۇنجى دۇربۇننى گاللىلېي 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كەشىپ قىلغان. ھازىرغا قەدەر 300 يىل بولدى دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ تاش ئويما 10 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن. ئىندىئانلار بۇنىڭدىن 30 مىڭ يىل ئىلگىرى بۇ دۇربۇننى نەدىن تاپقان؟

تىتىكاكا كۆلى بويىدىكى ئېگىزلىكتە بىر سىرلىق قەدىمكى شەھەر خارابىسى بار. بۇ خارابىلىقتىكى قىزىل قۇمتاشقا غايەت زور ئىلاھ ھەيكىلى ئويۇپ قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇكەممەل بىر ئاسمان جىسىملىرى چۈشۈرۈلگەن رەسىم ۋە يۈز نەچچە ھەرپ بەلگىلىرى ئويۇلغان. ئاسترونوملار، ئارخېئولوگلار ئىلاھ ھەيكىلى ئۈستىدىكى ئاسمان جىسىملىرى رەسىمدە بۇنىڭدىن 27 مىڭ يىل بۇرۇنقى زاماندىكى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ توغرا تەسۋىرلەنگەنلىكىنى، ئىلاھ ھەيكىلى ئۈستىدىكى ھەرپ بەلگىلەردە ئاسترونومىيە ساۋاتلىرىنىڭ بايان قىلىنغانلىقىنى بايقىغان. بۇ ئاسترونومىيە ساۋاتلىرى ھەتتا ھازىرقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ 64 مىليون يىل ئىشلىتىشىگە يېتىدىكەن. بۇنىڭدىن 27 مىڭ يىل ئىلگىرى بۇ يەردە ياشىغان ئىنسانلار ئاسترونومىيە جەھەتتە قانداق قىلىپ بۇنداق يۇقىرى سەۋىيىگە يېتەلىگەن؟

كولۇمبىيە دۆلەت بانكىسىدا ئالتۇندىن ياسالغان بىر سەنئەت بۇيۇمى بار. ئىسپاتلىنىشىچە، ئۇ پارۇق ئېھرامىغا دەپن قىلىنغان قەبىلە باشلىقى ياكى كاھىن ياشىغان دەۋردە ياسالغانىكەن. ئالتۇندىن قۇيۇلغان بۇ سەنئەت بۇيۇمى بېلىققا ئوخشايدىكەن، لېكىن قۇيرۇق قىسمى ئايروپىلاننىڭ قۇيرۇقىدەك تىك تەڭ يۈزلۈك ئىكەن. بىئولوگلار ۋە ئاۋىئاتسىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بېلىقنىڭ ھەيكىلى ئەمەس، بەلكى ئايروپىلاننىڭ مودېلى ئىكەن. باشقا ئايروپىلان مودېللىرىغا ئوخشاش ئۇنى ھاۋا تونېلىغا قويۇپ شامال قويۇپ بەرسە ئۇچالايدىكەن. شۈبھىسىزكى، بۇ گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى ياسالغان دەۋردە يەر شارىدىكى كىشىلەرنىڭ پەن-تېخنىكا سەۋىيىسى يەنىلا ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، بۇنداق يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئايروپىلان مودېلىنى ياساپ چىقىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنداقتا بۇ ئايروپىلاننىڭ مودېلىنى زادى كىم ياساپ چىققان؟

ۋېنېسۇئېلادىكى بوك-باراقسان بىر ئورمانلىقتا تەخمىنەن 3000 كۋادرات مېتر يەرنى ئىگىلىگەن بىر يوغان تاش بار. بۇ يوغان تاشنىڭ

ئادەتتىكى ۋاقىتتا ئاجايىپ-غارايىپ يېرى يوق، لېكىن ھەر كۈنى تاش سەھەردە قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ، نۇرى مەلۇم نۇقتىدىن بۇ تاشقا چۈشكەندە ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئاجايىپ رەسىملەر پەيدا بولىدىكەن. قۇياش نۇرى يۆتكەلگەندە رەسىمۇ تەڭلا يوقاپ كېتىدىكەن. روشەنكى ئەينى يىللاردىكى ئويمىچىلار ئوپتىكا قائىدىلىرىنى ئىنتايىن پىششىق بىلىدىكەن. ئۇلار قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش نۇقتىسىغا ئاساسەن ئويمىنىڭ يانتۇلۇق ۋە چوڭقۇرلۇقىنى ئەپچىللىك بىلەن ئىگىلەپ، كىشىلەرنى تاشقا ئويۇلغان رەسىملەرنى پەقەت قۇياش نۇرى مەلۇم نۇقتىغا چۈشكەندىلا كۆرەلەيدىغان قىلغان. بۇ تاشتىكى قاپارتما نەقىش جەمئىي يەتتە پارچە بولۇپ، ئۇنىڭدا چوڭ يىلان، چوڭ قوڭغۇراق، ئۇچىسىغا ئاجايىپ كىيىم ۋە ساۋۇت، بېشىغا دۇبۇلغا كەيگەن غەلىتە ئادەملەر تەسۋىرلەنگەن. بۇ قاپارتما نەقىشلەرنى كىم، قايسى دەۋردە نېمە مەقسەتتە ئىجاد قىلغان؟ قاپارتما نەقىشتىكى غەلىتە ئادەملەر كىم؟

كوستارىكانىڭ مەلۇم بىر ئورمانلىقىدىكى سازلىقتا يېيىلىپ ياتقان نۇرغۇن تاش شار بار. بۇ تاش شارلارنىڭ ئەگرىلىك دەرىجىسى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، خېلى ئۆلچەملىك شارسىمان جىسىم ھېسابلىنىدۇ. بۇ تاش شارلار چوڭ-كىچىك بولۇپ، چوڭلىرىنىڭ دىئامېتىرى نەچچە ئون مېتىر، كىچىكلىرىنىڭ دىئامېتىرى ئاران بىر-ئىككى مېتىر كېلىدۇ. بۇ تاش شارلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى ۋە كىملەرنىڭ ئۇ يەرگە قويۇپ قويغانلىقى نامەلۇم. بەزى ئالىملار بۇ تاش شارلار تەبىئىي شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن بولسىمۇ، بۇنداق ئاجايىپ يۇمىلاق تاشلارنىڭ قانداق تەبىئىي شەكىللىنىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەن. بەزى ئالىملار بۇ چوڭ-كىچىك تاش شارلار كائىناتتىكى ھەر خىل سەييارىلەرگە ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن، ھەربىر تاشنىڭ ئارىلىقى ئوخشاش بولمىغان سەييارىلەرنىڭ نىسپىيلىك ئورنىغا ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلىشقان. يەنە بەزى ئالىملار بۇ تاش شارلار كائىناتتىن كەلگەنلەرنىڭ يەر شارىغا ئېلىپ كەلگەن سوۋغىتى بولۇشى، تاش شارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بۈگۈنكى يەر شارىدىكىلەر بىلمەيدىغان مەناغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن، دېگەن.

يامانلارغا رەھىم قىلىش — ياخشىلارغا زۇلۇم قىلىشتۇر، زالىملارنى ئەپۇ قىلىش — كەمبەغەللەرگە جەۋرى سېلىشتۇر.

بولسا ياۋۇزغا سېنىڭ غەمخورلۇقۇڭ، يۇمشاقلىقىڭ،
قىلسا ئۇ ئەلدە جىنايەت، بار سېنىڭ ئورتاقلىقىڭ.

**شەيخ سەئدى**

ۋاقىت بىزنىڭ ئەڭ ئەرزان شۇنداقلا ئەڭ قىممەت باھالىق مۈلكىمىز. چۈنكى بىز ۋاقىت ئارقىلىق ھەممە نەرسىگە ئىگە بولىمىز.

**يا. رايىنس**

قولىمىزدىن كېلىدىغان ھەممە ماھارەتلەر چىدام بىلەن ۋاقىتنىڭ ئارىلاشمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**ئۇ. بالزاك**

مەدەنىيەتكە دائىر بىر قىسىم ماتېرىياللارنى: رىشىت زەيدى تەييارلىدى.

www.uyghurkitap.com



# دىيارىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك تارىخىغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار

ئابدۇقېييۇم خوجا

**مايلىق دان زىرائەتلىرى** ئاپتونوم رايونىمىزدا مايلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ تېرىپ ئۆستۈرۈلۈشى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. مايلىق دان زىرائەتلىرىدىن زىغىر، كۈنجۈت، قىچا، زاراڭزا، ئاپتاپپەرەس قاتارلىقلار ئومۇمىيۈزلۈك تېرىلىدۇ. يۇرتىمىزدىكى مايلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە ئۇلارنىڭ تېرىپ ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ھەققىدە تېخى ئەتراپلىق تەتقىقاتلار يۈرگۈزۈلمىدى. شۇنداقتىمۇ كېيىنكى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ۋە چەكلىك دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغان قېزىپ تەكشۈرۈشلەردە بەزى مايلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرى تېپىلدى. تۆۋەندە ئۇلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1) زىغىر: تەڭرى تېغىنىڭ ئالغوي (ئارغۇل) جىلغىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن (بۇنىڭدىن 2000 — 3000 يىل ئىلگىرىكى) زىغىر دانلىرى تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر (6 — 8-ئەسىرلەرگە مەنسۇپ)دىن ۋە قارا شەھەردىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىنمۇ زىغىر دانلىرى تېپىلغان. ئاپتونوم رايونىمىزدا زىغىر ئۇرۇقدىشىغا كىرىدىغان تەخمىنەن ئالتە تۈر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى زىغىر كەڭ مىقياستا تېرىلىدۇ.

2) كۈنجۈت: تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىلىرىدىن كۈنجۈت تېپىلغان. «كۈنجۈت ئەسلىدە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئۆسۈملۈكى بولۇپ، ھازىر ئىسسىق ۋە مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى قۇۋۋەت دورىسى سۈپىتىدە، غولىنىڭ پوستى ئارغامچا ۋە تاغار توقۇشتا خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ.» («شىنجاڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى» 339-بەت)

**پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەر** پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە تارقالغانلىرىنىڭ كۆپى كېپىنەكسىمان گۈللۈكلەر كەنجە ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ، ئۇلاردىن تەخمىنەن 282 خىل تۈرى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھىملىرىدىن بىدە، ياۋا بېدە، ياۋا ماش، ياۋا كۆك پۇرچاق قاتارلىقلار بار.

ئاپتونوم رايونىمىزدا چەكلىك دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەرمۇ تېپىلدى. خوتۇنسۇمۇل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بەھى قەدىمكى قەبرىلەردىن (بۇنىڭدىن 2000 — 3000 يىل ئىلگىرىكى قەبرىلەر) ماش دانلىرى، تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن دادۇر، قارا پۇرچاق دانلىرى تېپىلغان.

**تاللىق زىرائەتلەر** 1) كەندىر: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىرقانچە جايدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا تېپىلغان يادىكارلىقلار ئىچىدە كەندىر تاللىرىدىن توقۇلغان بۇيۇملار خېلى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن 4000 يىل ئىلگىرىكى كۆنچى دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان قېلىن ۋە زىچ توقۇلغان سېۋەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇيۇملارنى

ئېنىقلىغاندا، ئۇنىڭغا كەندىر تالاسى ئىشلىتىلگەن. قەبرىلەرنىڭ ئۈستى ۋە يانلىرىنىمۇ لوپنۇر كەندىرى ئىشلىتىلگەن.

1985-يىلى چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى قەدىمكى قەبرىلەر (3000 يىل بۇرۇنقى)نى قېزىپ تەكشۈرگەندە قەبرىنىڭ ئۈستى ۋە ئەتراپىنى يېپىش ئۈچۈن لوپنۇر كەندىرى ئىشلىتىلگەن. بۇلار ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى كەندىر ئەۋرىشكىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«لوپنۇر كەندىرى قۇرغاقچىلىققا ۋە شورغا چىدامىلىق، ئېگىزلىكى 1.5 — 3 مېترغىچە كېلىدىغان يېرىم چاتقال بولۇپ، تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ قۇرغاق ۋە شورلۇق چۆللىرىدە، دەريا بويلىرىدا كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭ غول پوستىنىڭ تالالىرى توقۇمىچىلىقتا، يوپۇرمىقى يۇقىرى قان بېسىمى، نېرۋا ئاجىزلىق، ئىششىق قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

2) كېۋەز: ئاپتونوم رايونىمىزدا كېۋەزنىڭ تېرىلىشى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، تارىم ۋادىسى ۋە تۇرپان ۋادىسى (جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرقانچە ۋادىلار)دا كېۋەزنىڭ ئەڭ بۇرۇن تېرىپ ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

1959-يىلى بۇنىڭدىن 2000-يىل ئىلگىرى قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن ئادەم ۋە گۈل نۇسقىلىرى كۆك بوياقتا بېسىلغان پاختا رەخت (ھەمزەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تېپىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا كېرىيە ناھىيىسىدىكى قەدىمكى «ئۆيلەك» خارابىسىدىنمۇ گۈللۈك پاختا رەخت تېپىلغان. مارالبېشى ناھىيىسىدىكى «توققۇز ساراي» (بارچۇق) خارابىسىنى قېزىپ تەكشۈرگەندە 6-، 9-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق مەدەنىيەت قاتلىمىدىن پاختا تېپىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە چىگىتمۇ تېپىلغان. بۇ چىگىتنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى پاختا تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەھلىل، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىر خىل ئافرىقا كېۋىزى تىپىدىكى كېۋەزنىڭ سورتىغا تەۋە چىگىت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

---

ھەرقانداق ئىچ سىرىڭنى دوستۇڭغا تۆكمە. چۈنكى بىر چاغ كېلىپ ئۇنىڭ دۈشمەنگە ئايلىنىپ كېتىشىنى نەدىن بىلسەن؟ شۇنىڭدەك، قولۇڭدىن كەلسە ھەرقانداق ئاچچىق-غەزەپنى دۈشمىنىڭگە قىلما، چۈنكى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ دوست بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. يوشۇرۇن ساقلىماقچى بولغان سىرىڭنى ھېچكىمگە ئاچما، گەرچە بەك سەمىمي دوستۇڭ بولسىمۇ؛ چۈنكى بۇ دوستۇڭنىڭمۇ سەمىمي دوستى بولۇشى مۇمكىن، گويا زەنجىرسىمان.

«سىرىمنى دەي ساڭا، ئېيتما كىشىگە!»
دېگەندىن ئەلۋەتتە سۈكۈت ياخشىراق.
ئەي پاكدىل، باشتىن توس بۇلاق سۈيىنى،
ئۆستەڭلەپ ئاققاندا تەس بولۇر توسماق.

* * *

سىر تۇتقان ھەر سۆزنى ئاچماسلىق كېرەك،
ھەرقانداق سورۇندا ئېيتماسلىق كېرەك.

شەيخ سەئدى

www.uyghurkitap.com



# «رىھىم شاھ» نامىلىق كۈزگى بۇغداي

ئىبراھىم ئەلقەم، ئىمىن ئابلا

شايار قەدىمدىن تارتىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك خېلى تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ بىرى. مىلادىدىن بۇرۇنقى چاغلاردىلا، شايار ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆگەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرىدا، تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېقىنلىرى بويىدىكى بوستانلىقلاردا دېھقانچىلىق قىلىپ، بۇغداي، كومىقوناق، كېۋەز، ئارپا، قىچا، گازىر، كەندىر، زىغىر، سەۋزە، پىياز، ئاۋۇز-قوغۇن، بېدە قاتارلىقلارنى تېرىغان ۋە تېرىلغۇ كۆلىمىنى يىلدىن-يىلغا كېڭەيتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆرۈك، شاپتۇل، ياڭاق، ئالما، نەشپۈت، ئالۇچا، چىلان قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىمۇ يېتىشتۈرگەن.

1758-يىلىغا كەلگەندە، شايار ناھىيىسىدە قەدىمكى كۈزەي بۇغدا — ئاق كۈزگى، ئاۋات رەڭ كۈزگى، ئاقسۇ قىزىل كۈزگىسى قاتارلىق بىرقەدەر يۇقىرى ھوسۇللۇق بۇغداي سورتلىرى تاللاپ تېرىلغان. دەل مۇشۇ مەزگىللەردە شايار ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى يېڭى مەھەللە يېزىسى پاشالىق كەنتىدىكى رىھىم شاھ ئىسىملىك بىر كىشى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە شەھىرىگە ھەج قىلىشقا بېرىپ قايتىشىدا، پاكىستاننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ئۆستۈرۈلىدىغان دېنى چوڭ، رەڭگى ئاق، يۇقىرى ھوسۇللۇق بۇغدىيىنى ئېتىزدىن تاللاپ ئېلىپ كەلگەن ۋە شۇ يىلى كۈزدە ئۆزى تېرىغان. ئەمەلىيەت، ئارقىلىق بۇ بۇغداينىڭ ماسلىشىشچانلىقىنىڭ يۇقىرى، قۇرغاقچىلىقتا چىدامىلىق، كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى بايقالغان. بۇ بۇغداي سورتىنىڭ مو بېشى ھوسۇلى قەدىمكى شايار بۇغدايلىرىدىن بىر ھەسسە يۇقىرى بولغان. بۇ ئىش رىھىم شاھنىڭ مەھەللىداشلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئۇلار رىھىم شاھتىن بۇ بۇغداينىڭ ئۇرۇقىنى ئېلىپ تېرىغان. شۇنداق قىلىپ بۇ بۇغداي سورتىنىڭ كۆلىمى يىلدىن-يىلغا كېڭەيگەن ۋە بۇ بۇغداي سورتى «رىھىم شاھ كۈزگىسى» دەپ ئاتالغان.

مىلادى 1770-يىللارغا كەلگەندە، «رىھىم شاھ كۈزگىسى» پۈتۈن شايار زېمىنىغا، ھەتتا توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىغىچە كېڭەيتىلگەن. رىھىم شاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ نامى ئۇ يېتىشتۈرگەن بۇغداي سورتى بىلەن بىللە خەلق تىلىدىن چۈشۈپ قالمىغان. 1965-يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى «رىھىم شاھ كۈزگىسى»نى ئانىلىق، دانىيىنىڭ «خەيىن-خەيدى» نامىلىق سورتىنى ئاتىلىق قىلىپ، «تيەنسەنفۇڭ كۈزگىسى» (شىنجاڭ — 2)نى يېتىشتۈرگەن. كېيىنكى مەزگىللەردە يەنە «تيەنسەنفۇڭ» ئىچىدىن يەككە تۈپلەر بويىچە تاللاپ يېتىشتۈرۈشتە، «رىھىم شاھ كۈزگىسى»نىڭ مو بېشى ھوسۇلى باشقا سورتلارغا قارىغاندا 20% يۇقىرى بولغاچقا، ئۇنىڭغا «501» دەپ نام بېرىلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ سورت شايار، كۇچا، توقسۇ، ئاقسۇ، ئاۋات قاتارلىق جايلاردا ئۇزۇن يىل تېرىلىپ، بۇغداي ھوسۇلىنى ئاشۇرۇشتا ھالقىلىق رول ئوينىغان.

# بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىقى

ئالىمجان مەخسۇت

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 200-يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ئەجدادلىرىمىز بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. نەتىجىدە، تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلارغا جايلاشقان قەدىمكى دۆلەتلەردىكى شامان، مانى دىنلىرىغا ئائىت مەدەنىيەت-سەنئەت ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ ئورنىنى بۇددىزم تۈسىنى ئالغان يېڭىچە مەدەنىيەت-سەنئەت ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر ئىگىلىگەن. جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى ۋە ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق سەنئىتىمۇ بۇددىزمنىڭ ئەقىدىلىرىگە قىسمەن ماسلاشتۇرۇلۇپ، مىڭئۆي، بۇدخانا، بۇددا مۇنارلىرى...غا قاراپ تەرەققىي قىلغان. بۇ دەۋرلەردە يۇرتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن بۇددىزمنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بىناكارلىق سەنئىتىنى شەكىللەندۈرگەن ھەم بۇ خىل ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بىناكارلىق سەنئىتى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى «يىپەك يولى» ئارقىلىق تەدرىجىي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ۋە باشقا قوشنا ئەللەرگە تارقالغان.

تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى مىڭئۆيلەرنىڭ تارقىلىش دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىدە پەرقلەر بولسىمۇ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇش شەكلى، بىناكارلىق ئۇسلۇبى، نەقىش سەنئىتى ۋە رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ مىڭئۆيلەرنىڭ كۆپ قىسمى كۇچا (كۇسەن) بىلەن تۇرپانغا جايلاشقان. كۇچا رايونىدا قىزىل مىڭئۆيى (ياسالغان ۋاقتى مىلادى 1-ئەسىردىن 9-ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە ھازىر 235 غار بار) سىم-سىم مىڭئۆيى، قىزىل قاغا مىڭئۆيى، قۇمتۇرا مىڭئۆيى، مازار باغ مىڭئۆيى، تېتىر مىڭئۆيى، سايرام مىڭئۆيى، ئونباش مىڭئۆيى توغراق دەڭ مىڭئۆيى...؛ تۇرپان رايونىدا يارغول مىڭئۆيى، تۇيۇق مىڭئۆيى، بېزەكلىك مىڭئۆيى، سىڭگىم مىڭئۆيى، توغراق ئېقىن مىڭئۆيى... قاتارلىقلار بار.

ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە بېجىرىم ساقلانغان بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە بۇددا مۇنارلىرى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى خارابە ئىزلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتى توغرىسىدا خېلى كۆپ مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايمىز. خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە ئائىت راۋاق خارابىسى بۇنىڭ بىر مىسالى. راۋاق خارابىسىنىڭ كۆلىمى 1568 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇ تۆت چاسا قورۇ، قورۇ ئىچىدىكى بۇت مۇنارىسى ۋە قورۇ سىرتىدىكى بۇتخانىلاردىن تەركىب تاپقان. خارابىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان مۇنارنىڭ ئۇل قىسمىنىڭ تەكشىلىكتىكى كۆرۈنۈشى كرېست

شەكلىدە بولۇپ، ئېگىزلىكى 5.3 مېتىر كېلىدۇ. مۇنار گەۋدىسى سىلىندىر شەكلىدە ياسالغان. ئۇنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن 9.6 مېتىر، ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 3.6 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، قوملۇقتا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. مۇنار ئەتراپىدىكى بۇتخانىلار-نىڭ ساقلىنىپ قالغان تاملىرى گەج بىلەن ئاقارتىلغان ھەمدە ئەگمىلىك تەكچە چىقىرىلغان. تام يۈزى نىلۇپەر گۈلى، كىچىك بۇتلار، گۈل بەرگى ۋە دولقۇنسىمان سىزىقلاردىن تەركىب تاپقان. تام رەسىم، نەقىش-بېزەكلەر بىلەن كۆركەم زىننەتلەنگەن. ئەنە شۇلاردىن بۇددىزم دەۋرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئارخىتېكتورلۇق، ھەيكەلتىراشلىق، ماتېرىيالچىلىق، كاھىشچىلىق، رەسساملىق جەھەتلەردە خېلى كامالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇددىزم دەۋرىدە كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ھەر خىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى قەيت قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ مەدە-نىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى تەبىئىي ئەھۋال. ئەينى ۋاقىتلاردا ھىندىستانغا بېرىپ بۇددا ئىلمىنى تەھسىل قىلىپ قايتقان شۆەنزاڭ بۇددا نوملىرىنى ساقلاش ئۈچۈن، چاڭئەن شەھرىدە-كى ساخاۋەتچىلەر ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىچىگە غەربىي رايوننىڭ ئۇسلۇبىدا بەش قەۋەتلىك ياۋا غاز مۇنارىنى (مىلادى 652-يىلى) سالدۇرغان. كېيىنكى چىن سۇلالىسىنىڭ پادىشا-ھى ياۋ شىڭ (مىلادى 401-يىلى) بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلدۇرۇش ئۈچۈن غەربىي رايونىدىن بۇددا ئالىمى كۇماراجىۋانى چاڭئەنگە تەكلىپ قىلغاندا، ساۋتالىق ئىبادەتخانىسىنى ئۇنىڭ شەرىپىگە دۆلەت سوۋغىسى ئورنىدا سالدۇرغان. مانا بۇلار بۇددىزم دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى توغرىسىدىكى دەلىللەردۇر.

بەزى ساياھەت خاتىرىلىرىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. سەيياھ فاشيەننىڭ «بۇددا دىنىي يۇرتى» دېگەن ساياھەت خاتىرىسىدە «... مۇنارنىڭ كەينىگە بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدەك ھەشەمەتلىك زىننەتلەنگەن ئىبا-دەتخانا تولىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ لىم-تۈۋ-رۈكلىرى، ئىشىك-دېرىزىلىرىگىمۇ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. راھىبلار تۇرىدىغان ئۆيلەرمۇ ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن زىننەتلەنگەن، ئۇنىڭدىن بىرەر ئەيىپ تېپىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، دەپ خاتىرە قالدۇ-رۇلغان. سەيياھ ۋاڭ يەندې ئۆزىنىڭ «تۇرپان-غا ساياھەت» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىگە «... بۇ شەھەرنىڭ 50 نەچچە يېرىدە بۇددا ئىبادەتخانىسى، ... يەنە مانى دىنىي ئىبادەتخانىلىرى، ئىران راھىبلىرى بار...» دەپ يازغان. مانا بۇلار شۇ زامانلاردا ياسالغان ئىمارەتلەرنىڭ مەيلى ياسىلىش شەكلى، نەقىش بېزەكلىرى جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ئىمارەتنىڭ تەكشىلىكتىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇ-شى جەھەتتە بولسۇن، ئۆزگىچە دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ھەم بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يۈكسەك بەدى-ئىيلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

# ئۇيغۇر ئالىم — ئارغۇن سالى

## كې ۋېي، زىڭ ۋېنفاڭ

ئارغۇن سالى (1244-1307-يىللار) نىڭ تەخەللۇسى قىتاي سالى، ئۇيغۇر، ئەسلى يۇرتى بەشبالىق. ئۇنىڭ بوۋىسى ئاتاي سالى بۇددا دىنى تەلىماتلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن بولۇپ، ئەينى زاماندا يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەيزۇخانىغا ئەگىشىپ پايتەختكە بارغان. ئۇنىڭ ئاتىسى قۇت سالىمۇ نوم ۋە قانۇن-نىزاملارنى پىششىق ئىگىلىگەن، خان ئوردىسىدا چوڭ ئەمەل تۇتقان. تارىخنامىلاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئارغۇن سالى كىچىكىدىلا ئەقىللىق، تىرىشچان بولۇپ، سانسكىرت يېزىقى، خەنزۇچە تىل-يېزىقنى پۇختا ئۆگەنگەن، مەنپىي، مۇسىقى، كالېندارچىلىق ۋە جۇغراپىيە ئىلمى بىلەن تونۇشقان، شۇنداقلا ئاسپاھىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن بۇددا دىنى تەلىماتلىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ بىلىملىكلىكىدىن خەۋەر تاپقان قۇبلايخان ئۇنى ئوردىغا چاقىرتقان. ئارغۇن سالى ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن، ئوردا ئىشلىرىغا ساداقەتمەن بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئالاھىدە قابىلىيىتىنى نامايان قىلغان.

ئارغۇن سالىنىڭ ئەڭ چوڭ تۆھپىسى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاقىللار سارىيى قۇرۇشىغا تۈرتكە بولغانلىقىدا. يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، جەمئىيەت داۋالغۇش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان، شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق ئورگىنىدا مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن. ئۇلار ۋەكىللىك قىلغان شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچىلار مەدەنىيىتى ئەينى چاغدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى فېئوداللىق مەدەنىيەتتىن خېلىلا ئارقىدا ئىدى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەركىزى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىپايان غەربىي يۇرتتىكى كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق مىللەت كۆچمەن چارۋىچىلىرى موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايتتى. شۇڭا، كېلەچەكسىز ئىمپېرىيە يۇرت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن، يولغا قويغىلى بولىدىغان يېڭىلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، خەلقنىڭ رايىنى ئۆزىگە تارتىشى كېرەك ئىدى. بۇ چاغدا ئارغۇن سالى شىزۇخانغا دۆلەتنى كۇڭزىچىلارنىڭ يولى بىلەن ئىدارە قىلىش، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ۋەزىپىگە قويۇش، دۆلەتنى ئۇزۇن مۇددەت خاتىرجەم قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. شىزۇخان ئارغۇن سالىغا ئاستانىدا ئاقىللار سارىيى قۇرۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن ھەم ئۇنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، جاي-جايلاردىن پايتەختكە كېلىپ يىغىلغان ئاقىللارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ، ئۇلارغا يۇقىرى تەمىنات بەرگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئارغۇن سالى ئۆزىنىڭ كېيىنكى يېرىم ئۆمرىدە يۈەن سۇلالىسى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان تالانتلىقلارنى توپلاپ بەرگەن. بۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىدىيە، مەدەنىيەتكە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، باشقا مىللەت كىشىلىرىنىمۇ ئىقتىدارىغا قاراپ ئىشلىتىپ، مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پائال چارە-تەدبىر كۆرسىتىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىشىدە مەلۇم دەرىجىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان، شۇنداقلا بىر مەزگىل غۇربەتچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى يېڭىباشتىن گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

قۇبلايخان ئارغۇن سالىنى ئۆزىنىڭ سىردىشى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا مۈلكى ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى دەرىجە بەرگەن، لېكىن ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىگە تەممەننا قويۇپ، تەكەببۇرلۇق قىلماستىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن دانىشمەنلەر ۋە مەرتلەرنى ئەتراپىغا يىغىپ، دۆلەتكە خىزمەت قىلغان. قۇبلايخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئارغۇن سالى بىلەن ۋەلىئەھد قويۇش ئىشىنى مەسلىھەتلەشكەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆزىتىشى ۋە ھۆكۈمىگە ئاساسەن، تېمۇرخاننى تۆھپە ۋە مېھرىبانلىقتا يېتىلدى دەپ قاراپ، ئۇنى ۋەلىئەھدلىككە كۆرسەتكەن.

ئارغۇن سالى پۈتۈن ئۆمرىدە تىرىشچانلىق، سادىقلىق بىلەن ياشىغان، ئۆمۈر سەپىرىدە بەزى ئېگىز-پەسلىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ شىزۇ ۋە چىڭزۇڭ خانلىرى دەۋرىدە ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلگەن. ئۇ چىڭزۇڭ خاننىڭ 12-يىلى 63 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مىمار ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئامان

تۇردى قادىر نازىرى، ئابلىمىت ياقۇپ

ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئامان 1863 - يىلى ئۇستۈن ئاتۇش يېزا يولچىلا كەنتىنىڭ كوژنا مەھەللىسىدە دېھقان، قوشۇمچە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بىناكارلىق ۋە نەققاشلىق سەنئىتى جەھەتتە يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە زات ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى ئامان ئاكا تېخنىكىسى خېلى يۇقىرى بىناكار بولۇپ، بە دۆلەت زامانىسىدا قەشقەر شەھىرىدىكى ھېيتگاھ جامەسى قاتارلىق مەسچىت، مەدرىسلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى لايىھىلى- گەن. ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا دادىسىنىڭ ھۈنىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن ھەم ناھايىتى تېز بىناكارلىق ۋە نەققاشلىق سەنئى- تىنىڭ ھۆددىسىدىن مۇستەقىل چىقالايدىغان بولغان. 1902 - يىلى قەشقەر رايونىدىكى ئېغىر يەر تەۋرەش ئاپىتى تۈپەيلىدىن ھېيتگاھ جامەسى، ئاپپاق خوجام گۈمبىزى ۋە بىرمۇنچە مەدرىس، مەسچىتلەر ۋەيران بولۇپ كەتكەندە، ئۇ بۇلارنى قايتا ياساش، كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلغان. 1937 - يىلى قايتا كېڭەيتىپ سېلىنغان ھەزرەت مەسچىتىدە قۇرۇلۇش گەۋدىسى ۋە نەقىشلىرىنى ئىشلەشكە ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئامانىنىڭ يېتەكچىلىك قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئاپپاق خوجام گۈمبىزى قۇرۇلۇشىدا بۇ گۈمبەزنىڭ 6 - قېتىملىق رېمونتىغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقى ھەققىدە خاتىرە قالدۇ- رۇلغان. ئۇستۈن ئاتۇش يېزىسىنىڭ ئېكساق كەنتىدىكى مۇسابايېۋنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى، مۇسابايېۋ جەمەتى مەقبەرىسى، تېجەن، مەشەت مەسچىتلىرى، ھەزرىتى ساتۇق بۇغراخان مازىرى، ئاتۇش شەھىرى تەۋەسىدە- كى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئابدۇ- رېھىم ئاخۇن ئامانىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلغانلىقى ھەققىدە يازما خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان ھەم بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ بىر قىسمىغا ئۇنىڭ نام - شەرىپى پۈتۈلگەن. ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئامان مۇسابايېۋلارنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن غۇلجىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ تېرە - خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇلۇشىنى لايىھىلىگەن ۋە سېلىشقا بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلغان، ئاندىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى بىر قىسىم ھۆكۈمەت قۇرۇ- لۇشلىرىنى سېلىشقا قاتناشقان.

ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئامان ئۆمرىدە نەچچە ئونلىغان شاگىرت يېتىشتۈرگەن. ئۇلاردىن مۇھەممەت (ئوغلى)، ياقۇپ (ئوغلى)، ياقۇپ (تاغىسىنىڭ ئوغلى)، زەيدىن، ئوسمان پىلانچى، ئۆمەر قادىر، بەكرى قادىر، روزى كىچىك، قادىر، چوڭئاخۇن، مەيدىن قاتارلىقلار ھازىرقى ئاتۇش شەھىرىنىڭ 50 - يىللاردىكى قۇرۇلۇشلىرى- نى سېلىشتا ئوسمان پىلانچىنىڭ رەھبەرلىكىدە تايانچلىق رول ئوينىغان. ھازىر ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئامانىنىڭ ئەۋلادىدىن ئوبۇلقاسىم تۇردى (پەينەۋرىسى)، ئابدۇراخمان مۇھەممەت (نەۋرىسى) قەشقەر ۋە ئاتۇش تەۋەسىدە داڭلىق بىناكار ۋە نەققاشلاردىندۇر.

سېپىل مەھەللىسىدىكى قەبرىستانلىقنى كىشىلەر «ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئامان ئۇستام زاراتگاھلىقى» دەپ ئاتايدۇ. مەرھۇمنىڭ گۈمبىزى زاراتگاھلىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئامانىنىڭ 1946 - يىلى 8 - ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى پۈتۈلگەن.

# تۇنجى ئورۇندۇق غەربىي دىياردا ياسالغان

جياڭ لىن

ئورۇندۇق — ھازىرقى زاماندا كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان جاھازا بولۇپ قالدى. ئەمما چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن ئىلگىرى كىشىلەر ئورۇندۇقتا ئولتۇرماي (ئۇ چاغدا ئورۇندۇق يوق ئىدى)، كارىۋات ياكى سۇپىدا ئولتۇراتتى. قەدىمكىلەر كارىۋاتتا ئولتۇرۇشتىن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا ئۆتكىچە بىر تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇنىڭدا «ئۇيغۇر كارىۋىتى» ئۆتكۈنچى رول ئوينىغان. «كېيىنكى خەننامە، بەش كەسىپ تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، خەن سۇلالىسىنىڭ سەككىزىنچى پادىشاھى لىڭدى ئۇيغۇر كىيىمى، ئۇيغۇر پاشلىقى، ئۇيغۇر كارىۋىتى، ئۇيغۇر ئورۇندۇقى، ئۇيغۇر تامىقى، ئۇيغۇر غوڭقىسى (قەدىمكى چالغۇ)، ئۇيغۇر نېيى، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىغا ئامراق ئىكەن، پايتەختتە بۇلار ئېسىلزادىلەر نەرسىسى ھېسابلىنىدىكەن. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جاڭ دۇەنيى «ئېسىل بۇيۇملار توپلىمى» دېگەن كىتابىدا: «بۈگۈنكى ئورۇندۇق قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر كارىۋىتى دەپ ئاتىلاتتى» دەپ يازغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان تاۋگۇ «ئاجايىپ نەرسىلەر خاتىرىسى» دە مۇنداق يازغان: «ئۇيغۇر كارىۋىتىنىڭ پۇتلىرىنى ئايلاندۇرغىلى، ئالماشتۇرغىلى، ئېچىپ قويۇپ ئازادە ئولتۇرغىلى، يىغىپ قويغىلى بولىدۇ، ئېغىرلىقى نەچچە جىڭ كېلىدۇ». بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر كارىۋىتى ھازىرقى زاماندىكى قاتلىما ئورۇندۇققا (يۆلەنچۈكسىز) ئوخشايدۇ. ئۇيغۇر كارىۋىتى غەربىي يۇرتتىكىلەر خېلى بالدۇر ئىشلەتكەن ئورۇندۇق تىپىدىكى ئېگىز پۇتلۇق سايمان بولۇپ، ئۇ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئەسلىدىكى سۇپىدا، بورىدا ئولتۇرۇش ئادىتىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتكەن.

نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان ياغاچ ئويمىلىق ئورۇندۇق ۋە يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق ئېلىمىزدە ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ بالدۇرقى ئورۇندۇق ھېسابلىنىدۇ.

1959-يىلى ئارخېئولوگلار نىيە خارابىسىنى تەكشۈرگەن ۋە قازغاندا، قەندىھار نەقىش ئويۇلغان ياغاچ ئورۇندۇق تاپقان. بۇ ياغاچ ئورۇندۇقنىڭ ئۈچ پۇتىلا قالغان بولۇپ، پۇتىغا نەقىش ئويۇلۇپ، ياغاچ مىق بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان، پۇتىنىڭ ئېگىزلىكى 49 سانتىمېتىر، يۈزىنىڭ كەڭلىكى 37 × 45 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

ستەيىن چىرايلىق بېزەلگەن يۆلەنچۈكلۈك ئىككى ئورۇندۇق ئۈستىدە مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: «ئېگىزلىكى 48.26 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئۈچ ئورۇندۇقنىڭ بىرسىنىڭ بىر پۇتىغا شىرنىڭ بېشى بىلەن ئاتنىڭ پۇتى ئويۇلغان، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسى قاناتقا ئوخشايدۇ. يەنە بىر ئورۇندۇقنىڭ ئېگىزلىكى 35.29 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئىككى پۇتىنىڭ يۇقىرىسىغا ئادەم بېلىنىڭ يۇقىرىسىنىڭ رەسىمى ئويۇلغان، بەل قىسمىنىڭ ئاستى ئۇچۇۋاتقان قۇشقا ئوخشايدۇ، ئورۇندۇق پۇتىنىڭ تۆۋىنىگە ئات تۇۋىقى نەقىشلەنگەن بولۇپ، بىرى ئەركەك، بىرى چىشى مەخلۇققا ئوخشايدۇ ئۇنىڭدىكى نەقىشلەرگە رەڭ بېرىلگەن. يۇقىرىدا دېيىلگەن ياغاچ ئويمىلىق ئورۇندۇق ۋە يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق ھازىرغىچە مەملىكىتىمىزدە تېپىلغان ئەڭ بالدۇرقى ياغاچ ئورۇندۇق ھېسابلىنىدۇ.

ياغاچ ئورۇندۇقنى چىرايلىق نەقىشلەش قەدىمكى زاماندا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت سەنئەتكارلىرىنىڭ ھىندىستان قەندىھار سەنئىتى (يۇنان، پارس، ھىندى ئۈچ خىل سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان بىر خىل سەنئەت)نىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز مىللىتىنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبىغا سىڭدۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بۇنداق نەققاشچىلىق سەنئىتى، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. ياغاچ ئورۇندۇق ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلارغا ئۆزگەرتكەن ھەمدە ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل نەقىشلەرنى ئويغان. بۈگۈنكى ئورۇندۇق ھەرقايسى مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇش، ئورتاق گۈللىنىش، بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش، ئۆزئارا بىرلىشىشىنىڭ مەھسۇلى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر نەقىش-بېزەكچىلىكىدىكى ئېلېمېنتلار مەنبەسى

ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت

ئۇزاق تارىخ، يۈكسەك بەدىئىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئۇيغۇر نەقىش-بېزەكچىلىك سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى خەلقىمىزنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى تۇرمۇش ئادىتى، ئېستېتىك قارىشى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ نۇسخىلىرى رېئال تۇرمۇشتىن ئېلىنىپ نەققاشلار، رەسساملار تەرىپىدىن بەدىئىي جەھەتتىن تاللاپ يىغىنچاقلانغان، ئەسلى شەكلى ۋە تۈسى قىسمەن ئۆزگەرتىلىش ۋە ئوبرازلاشتۇرۇلۇش ئاساسىدا خېلى مۇكەممەل سەنئەت تۈرى بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ نۇسخىلار بىناكارلىق ۋە باشقا ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىغا نەقىش-بېزەك قىلىپ ئىشلىتىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆركەملىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

ئۇيغۇر نەقىش-بېزەكچىلىكىدىكى ئېلېمېنتلار يەنى ھەربىر مۇستەقىل نۇسخىلار مۇنداق 12 خىل مەنبەدىن ھاسىل بولغان:

**1. گۈل-گىياھلار:** ئەتىر گۈل، مودەنگۈل، نىلۇپەر، ھەشقىپىچەك، ئانار گۈل، سەبدە، ئىسلاقگۈل، قىزىلگۈل ۋە خىلمۇ خىل تەشتەك گۈللىرى، پىلتە، سۇخەر، شەمسى، پەنجە ۋە ئۇلارنىڭ غولى، يوپۇرمىقى، غۇنچىسى، چېچىكى... قاتارلىقلار.

**2. مېۋە-چېۋىلەر:** بادام، ئانار، ئەنجۈر، چىلان، ئۈزۈم، شاپتۇل، ئالما، قوغۇن-تاۋۇز، چىلگە... قاتارلىقلار.

**3. زىرائەتلەر:** ئاپتاپپەرەس، بۇغداي، كېۋەز... قاتارلىقلار.

**4. گېئومېترىك شەكىللەر:** چەمبەر، رومبا، شەيتان قۇلۇپ، بورا، زەنجىر، پاراللېل سىزىقلار، دولقۇنسىمان سىزىقلار، ھەرە كۆزىكى ۋە ئىلمەك باشلىق كرېست قاتارلىقلار.

**5. تەبىئەت مەنزىرىلىرى:** تاغ، دەريا، كۆل، ئوتلاق، ئورمان، بۇلۇتلۇق-بۇلۇتسىز ئاسمان، دولقۇن، قار ئۇچقۇنى قاتارلىقلار.

**6. چالغۇ ئەسۋابلار:** تەمبۇر، دۇتار، ناغرا، سۇناي، راۋاب قاتارلىقلار.

**7. ئۆي-ئىمارەت نەمۇنىلىرى:** دېرىزە، ئىشىك، پەلەمپەي، مۇنار، پېشايۋان، تۈۋرۈك، گۈمبەز، قۇببە، تەكچە، مېھراپ، كۈنگۈرە، پەنجىرە، راۋاق قاتارلىقلار.

**8. ئاسمان جىسىملىرى:** قۇياش، يۇلتۇز، يېڭى ئاي، بۇلۇت، چاقماق... قاتارلىقلار.

**9. تۇرمۇش بۇيۇملىرى:** ئاپتۇۋا، چۆگۈن، چەينەك، ئوچاق، لوڭقا، قاچا-قۇچا، كىتاب... قاتارلىقلار.

**10. ھايۋانات:** تۇرنا، بۇلبۇل، قىرغاۋۇل، توز، قۇشقاچ، كەكلىك، بېلىق، قارلىغاچ، ئات، تۆگە، بۇغا، كېيىك، يىلان، كېپىنەك... قاتارلىقلار.

**11. ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى:** ئارغامچا، چاق... قاتارلىقلار.

# شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋر كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ خام ماتېرىياللىرى

غەيرەتجان ئوسمان

ئەجدادلىرىمىز كىيىم-كېچەك ماتېرىياللىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. شىنجاڭ رايونىنىڭ ھاۋارايى ئۆزگىرىشچان، قىش بىلەن يازنىڭ پەرقى چوڭ بولغاچقا، قەدىمدىن ھازىرغىچە بۇ يەردىكى ئىنسانلار كىيىنىشكە تۇرمۇش تىرىكچىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن. ئاتا-بوۋىلىرىمىز دەۋرلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ كىيىم-كېچەكلەرنىڭ خام ماتېرىيالىنى يېڭىلاپ تۇرغان، بەزى خام ماتېرىياللارنى نەچچە ئەسىر ئىشلەتكەن بولسا، بەزىلىرى شاللاپ تۇرغان.

**1. يۇڭ.** قەدىمكى دەۋرلەردە شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، سۈيى ئەلۋەك، ئوت-چۆپى مول بولۇپ، چارۋىچىلىق خېلى تەرەققىي قىلغان. ئەجدادلىرىمىز ھەر خىل ھايۋاناتلارنىڭ تېرىسى ۋە يۇڭلىرىنى كىيىم-كېچەك خام ماتېرىيالى قىلغان. شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى كىيىم-كېچەك خام ماتېرىيالى قىلغانلىقى توغرىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارغا دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئىشەنچلىك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويالايمىز.

1979-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئارخېئولوگلار كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىپ، نۇرغۇن ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي بۇيۇملارنى ئۇچراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قەدىمكى قەبرىدىن چىققان جەسەتكە يۇڭ تەلپەك، يۇڭ توقۇلمىدىن يۆگەنچى كىيگۈزۈلگەن. بۇلاردىن باشقا لوپنۇر رايونىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن يۇڭ كىيىم-كېچەك، يۇڭ ئەديال، يۇڭ رەخت قاتارلىق بۇيۇملار بايقالغان. قومۇلدىكى قەدىمكى قەدىمگاھ — بەش قەلئە. قەبرىستانلىقىدىنمۇ رەڭلىك يۇڭ رەختلەر تېپىلغان.

بۇ ھال يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ شىنجاڭدىكى قەدىمكى قوۋۇملارنىڭ تۇرمۇشىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**2. يىپەك.** يىپەك جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتى. ئۇ ئەڭ دەسلەپ جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ۋە شىنجاڭ رايونىدا ئىشلىتىلگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە شىنجاڭنىڭ يىپەكلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى چېگرا ئېغىزلىرى ئارقىلىق غەرب ئەللىرىگە چىقىرىلغان. شۇڭا غەربلىكلەر يەنى يۇنان، رىملىقلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىردىن باشلاپ شەرقنىڭ يىپىكى توغرىسىدا خېلى كۆپ خاتىرىلەرنى قالدۇرغان ھەم شىنجاڭنى « Serec — يىپەك ئېلى » دېگەن نام بىلەن ئاتىغان.

**3. پاختا.** پاختىنىڭ شىنجاڭنىڭ كىيىم-كېچەك خام ماتېرىياللىرى بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا 2000 يىل بولدى. 1959-يىلى ئارخېئولوگلار نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن نۇرغۇن پاختا توقۇلمىلارنى بايقاپ، بۇلارنىڭ 1700 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بىز ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە يازما ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، پاختىنىڭ ئەڭ كېچىككەندىمۇ مىلادى 2-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 3-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭدىكى قەدىمكى قوۋۇملارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

**4. كەندىر.** كەندىر توقۇلمىلىرى شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمكى قوۋۇملارنىڭ مۇھىم كىيىم-كېچەك خام ماتېرىيالى بولۇپ، ناھايىتى ئۇزاققى تارىخقا ئىگە. ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىن تېپىلغان كەندىر تالا توقۇلمىلىرى ئىنتايىن مول. كۆنچى ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن كەندىر تالا توقۇلمىلىرى بايقالغان. تۇرپان رايونىدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن كەندىر تالالىرىدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملاردىن كىيىم-كېچەك، يوتقان-كۆرپە، كەندىر پايپاق، سېۋەت، ئارقان قاتارلىقلار قېزىۋېلىنغان،

# راۋاق

**ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت**

راۋاق — ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە نەمۇنىلەرنىڭ بىرى.

ئۇ ياغاچ قۇرۇلمىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، تۈز ۋە گۈمبەز تورۇسلۇق يېپىلىدىغان، سىممېترىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان نەقىشلىك ياغاچ تۈۋرۈكلەر (ھازىر بەزى راۋاقلارنىڭ تۈۋرۈكى پولات چىۋىقلىق بېتون بىلەن ياسىلىپ گەج بىلەن نەقىشلىنىۋاتىدۇ) ئارقىلىق بوشلۇقتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، بىناكار، ياغاچچى، نەققاش، سىرچىلاردىن يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىنىدىغان قۇرۇلۇش تۈرى. تارىخچىلارنىڭ قارىشىچە، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ساتما، چەللە-باراڭ شەكلىدىكى تۇرالغۇ قۇرۇلۇشلىرىدىن تەرەققىي قىلغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردە راۋاقتىن ئەتراپىنى كۆزىتىش، دۆلەت مۇداپىئەسى، تۇرالغۇ، ئارامگاھ، سەيلىگاھ ئورنىدا پايدىلانغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سەيلە-ساياھەت، دۆلەت مۇداپىئەسى، بىناكارلىق ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى ھەر خىل شەكىلدىكى قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى بىلەن تولۇقلىنىپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلارنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى داڭلىق. ھەممىسىنىڭ راۋاقلىق سېپىللىرى... بار» دېيىلگەن. مىلادى 760-يىللىرى بىنا قىلىنغان ئوردۇبالىق شەھىرىدىكى خان ئوردىسىدا ھەر خىل شەكىلدىكى راۋاقلار ۋە ھەرەملەر... بولغان. مىلادى 981-، 983-يىللىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا كەلگەن سەيياھ ۋاڭ يەندې «تۇرپانغا ساياھەت» دېگەن ئەسىرىدە: «پايتەخت خوچۇ قار-يامغۇرى ئاز، ھاۋاسى ئىسسىق جاي ئىكەن، ئۆي-ئىمارەتلىرى ئاپئاق ھاك بىلەن ئاقارتىلىدىكەن... بۇ شەھەردە مۇنارلار، ياغاچتىن ياسالغان پەشتاقلار، شىپاڭلار (راۋاقلار) كۆپ ئىكەن» دەپ يازغان. تۇرپاندىكى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن سەككىز تۈۋرۈكلۈك، سالاسۇنلۇق، سەرقەلەم قىسمى ياغاچ ئويما نەقىش بىلەن كۆركەم بېزىلىپ، مەزمۇت ياسالغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ ياغاچ راۋاق مودېلى تېپىلغان. بۇ سەيياھ ۋاڭ يەندې يازغان خاتىرىنىڭ چىنلىقىنى، راۋاقنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى بىناكارلىق نەمۇنىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئارخېئولوگىيە جەھەتتىنمۇ ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابتا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قالىق» دېگەن سۆزنىڭ «ئاسمان»، «راۋاق» دېگەن مەنىنى، «لائۇ» دېگەن سۆزنىڭ «راۋاق، بىنا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىدىن قارىغاندىمۇ، راۋاقنىڭ قەدىمدىنلا گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسىلىدىكەن چۈنكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ياكى تۈركىي خەلقلەر ئاسماننى گۈمبەزسىمان دەپ چۈشىنەتتى، باشقا تۇرالغۇ قاتارلىق ئىمارەتلەر بىلەن كۆپ ھاللاردا بىرلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان، ئىستېمال قىممىتى ھازىرقىدىن خىلمۇ كەڭ بولغان ئىمارەت شەكلى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، راۋاق مۇنار (يەنى مەسچىتلەردىكى ئەزان مۇنارى) بىلەن بىر گەۋدە قىلىنغان پەشتاق مۇنارى (يەنى ئۈستىدە ئەزان توۋلايدىغان راۋىقى بار مۇنار) ياسىلىشقا باشلىغان. مەسچىت ۋە مەسچىت دەرۋازىسى ئۈستىگىمۇ گۈمبەز تورۇسلۇق راۋاقلار ياسىلىپ،

ھېيت-ئايەم كۈنلىرى بۇ جايدا ناغرا-سۇناي چېلىش ئادەتكە ئايلانغان. ھېيتگاھ جامەسىدىكى پەشتاق مۇنارى (يەنى راۋاقلىق مۇنار)، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «خانتەڭرى» مەسچىتى ئۈستىدىكى گۈمبەزلىك مۇنار، قۇببىلىق راۋاق خوتەن ھېيتگاھ مەسچىتى چوڭ دەرۋازىسى ئۈستىدىكى تۆمۈردىن ياسالغان سالاسۇنلۇق راۋاق؛ قەشقەردىكى قاسقان بازىرى مەسچىتى ۋە جاڭقوغلىن مەسچىتى دەرۋازىسى ئۈستىدىكى خىش بىلەن ياسالغان مۇنارلىق-قۇببىلىق راۋاق قاتارلىقلار قەدىمكىنى ئۆرنەك قىلىپ، ھازىرقى زامان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان يېڭى پاسونىدىكى راۋاقلاردۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، خەنزۇ ئارخىتېكتورلارنىڭ شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق، شەھەر قۇرۇلۇشى ساھەسىدە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەرقايسى شەھەرلەردە ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ پاسونىدىكى راۋاقلار بىرلا ۋاقىتتا قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئۈرۈمچىدىكى ئۆتۈشمە كۆۋرۈك بېشىدىكى گۈمبەز تورۇسلۇق كۆزنەتىش (سەيلە راۋىقى)، قەشقەر خەلق باغچىسىدىكى مىللىي پاسونىدىكى راۋاقلار بۇنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ راۋاقلار ئۆز ئارا روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان سەيلە-ساياھەت ئارامگاھ، باغچا، كۆۋرۈك بېشى، جۈملىدىن شەھەر قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ مول، يېڭى مەنزىرە پەيدا قىلدى.

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق قاشتېشىدىن چېكىلگەن دېرىزە بېزىكى

گۈلزار سابىت

تاماشىبىنلار ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنىڭ تارىخ كۆرگەزمىسىگە كىرگەندە، جاھازىلارغا تىزىلغان ھەر خىل قەدىمكى ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق قاشتېشىدىن چېكىلگەن دېرىزە بېزىكى ئالاھىدە جەلپ قىلارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 34 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 27 سانتىمېتىر. بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تەركىبى بولغان ئاق قاشتېشىغا گۈل چېكىپ تەييارلانغان بۇ دېرىزە بېزىكى قاشتېشى ماكانى خوتەندىن چىقىدىغان ئاق قاشتېشىدىن ياسالغان.

ئېلىمىز مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق تارىخي تەرەققىياتى جەريانىدا، ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سەنئەت بۇيۇملىرى مەيدانغا كەلگەن. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى قاشتېشى چىقىدىغان جايلىرى ئاساسەن شىنجاڭدىكى خوتەن، چەرچەن، قاراقاش، يەكەن، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ نەنياڭدىكى دۇشەن، لياۋنىڭدىكى يۈيەن قاتارلىق جايلار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى ۋە ئەتىۋارلىقى خوتەندىن چىقىدىغان يۇمشاق ئاق قاشتېشى بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇ قاشتېشىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر-سەنئىتىدە ئۆز ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۈيۈك جۇڭخۇا ئېلىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشقا مۇھىم تۆھپە قوشقان.

بۇ قاشتېشى بۇيۇملىرى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى، بىناكارلىقى، ھۈنەر-سەنئىتى ۋە قاشتېشى ئويمىچىلىقىنى تاماشىبىنلارغا تەشۋىق قىلىش ۋە بۇ ھەقتە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# شىنجاڭنىڭ ئالتۇنچىلىقى ۋە يەر ناملىرى

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ «ئالتۇن، قاشتېشى ماكانى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كېلىشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى «يىپەك يولى» ئارقىلىق ھەر خىل مەھسۇلاتلارنى غەربىي يۇرتقا ئېلىپ كېلىپ ئالتۇنغا ئالماشتۇراتتى. قەدىمكى يۇنان تارىخشۇناسى ھىرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدا: مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6-، 7-ئەسىرلەردە سىكىفلەر (ساكلار) «يايلاق يولى» ئارقىلىق شەرقتىن ئالتۇن ئەكېلىشكە بارغان، دېيىلگەن. چۈنكى بۇ يول كېپەك ئالتۇن ۋە باشقا قېزىلما بايلىقلار چىقىدىغان مەشھۇر ئۇرال تاغ تىزمىسى ۋە ئالتاي تاغ تىزمىسىدىن ئۆتەتتى.

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە «ئۇدۇندا ئالتۇن، قاشتېشى كۆپ» دەپ يېزىلغان. «يېڭى تاڭنامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە يەنە «كۇسەن» (ھازىرقى كۇچا)دىن «ئالتۇن چىقىدۇ» دېيىلگەن. «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت-ناھىيىلەرنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دىمۇ ئۇشۇرغول ئايمىقىنىڭ ئۇشۇرغول (قومۇل) ناھىيىسىدىن ياخشى ياغاچ ۋە ئالتۇن، تۆمۈر چىقىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى قۇچۇ تەزكىرىسى»دىمۇ «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار زېمىنىدا ... ئالتۇن، كۈمۈشلەردىن ئەسۋاب ياسايدۇ، بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار ئەتراپى)لىقلار تېرىسى ئاق، چىرايلىق كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ قولى گول، ئۇلار ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە تۆمۈرلەردە ئەسۋاب ياساشقا ماھىر» دەپ يېزىلغان.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ سۇڭ سۇلالىسىغىچە بولغان دەۋرلەردە شىنجاڭدا ئالتۇن، كۈمۈش قېزىلاتتى ھەم ئالتۇن، كۈمۈشتە ئەسۋاب ياسىلاتتى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇنجى ھۆكۈمەت تەزكىرىنامىسى — «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نىڭ 43-جىلدىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: مۇسۇلمانلار يۇرتى (جەنۇبىي شىنجاڭ)دىن بەش خىل مېتال چىقىدۇ، ئالتۇن بار. چيەنلۇڭ يىللىرىدا يەكەن، ئۇدۇن قاتارلىق ناھىيىلەر ھەر يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە 40 سەر ياكى 80 سەر ئالتۇن سېلىق تۆلەيتتى.

شىنجاڭنىڭ كان بايلىقىنىڭ مول بولۇشى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىغا ئېرىشكەن. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، شىنجاڭدا ساياھەتتە بولغان ھەرقايسى ئەل ساياھەتچىلىرى ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى «جۇڭگو قېزىلما بايلىقلار جەھەتتە دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقلىرى جۇڭگو بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ قارىغان.

«شىنجاڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نىڭ 29-جىلدىدا (سودا-سانائەت 2-بابى)دا شىنجاڭ، خېيلۇڭجياڭ ۋە ئىچكى موڭغۇل مەملىكىتىمىزنىڭ ئۈچ چوڭ ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، دېيىلگەن. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ھازىر شىنجاڭدا 87 ناھىيە، شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ 56 سىدا ئالتۇن بايلىقى بار ئىكەن. «شىنجاڭ — ئالتۇن ماكانى» ئىكەنلىكى قەدىمكى زامان يەر ناملىرىدىمۇ نامايان بولغان:

1. ئالتاي دېگەن سۆز موڭغۇل تىلىدا «ئالتۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئالتاي تېغى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ مەشھۇر ئالتۇن چىقىدىغان جاي. ئالتاي تېغىدىكى ئېرىتىش

دەرياسى، بۇرچىن دەرياسى، قابا دەرياسى قاتارلىق دەريا ئېقىنلاردا كىپەك ئالتۇن بار.

2. خارتو تېغى: «خارتو» موڭغۇلچە «ئالتىن» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، يەنىلا «ئالتۇن تاغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. خارتو تېغى 100 نەچچە كىلومېترغا سوزۇلغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1700 مېتر ئېگىز، كان بايلىقى مول. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەردە ئۇن ئالتۇن كان ئېچىلغان. كانچىلار بىر نەچچە تۈمەنگە يەتكەن.

3. «سار بۇلاق» موڭغۇل تىلىدا «سېرىق بۇلاق سۈيى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يېقىنقى يىللاردا بايقالغان سار بۇلاق ئالتۇن كېنى، كۆكتوقاي ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىن 38 كىلوومېتر نېرىدا بولۇپ، ئۇ بىر تۈۋەن مەھسۇلاتلىق ئالتۇن كېنى ئىدى. ھەر توننا رۇدا تەركىبىدە ئاران ئۈچ گرام ئالتۇن بار ئىدى. بۇ يېڭى كان 1989-يىلى قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە باشلانغاندىن كېيىن، دۆلەت گېئولوگىيە-قېزىلما بايلىقلار مىنىستىرلىكىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، 1990-يىلىدىن بۇيان مەھسۇلاتى ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆكتوقاي ناھىيىسى شىنجاڭ بويىچە يىلىغا 10 مىڭ سەر ئالتۇن قازالايدىغان تۇنجى ناھىيە بولۇپ قالدى.

4. ئالتۇن تاغ: ئالتۇن تاغ شىنجاڭنىڭ چەرچەن ناھىيىسى بىلەن چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىگە جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭدىكى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان رايون. ئۇنىڭدا ئالتۇن بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا قېزىلغان. ئەينى ۋاقىتتا چەرچەن، نىيە ناھىيىلىرىدە تۆت چوڭ ئالتۇن كېنى بار ئىدى، يىلىغا 4000-5000 سەر ئەتراپىدا ئالتۇن ئېلىناتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ماناس ناھىيىسىدىكى جىنگۇ، سانجى شەھىرىدىكى جىنلاۋبادىنمۇ ئالتۇن چىقىدۇ.

## 20-ئەسىر جاۋاب بېرەلمىگەن 15 مەسىلە

ئامېرىكىنىڭ «ئىلىم-پەن تەرمىلىرى» ناملىق ژۇرنىلى 20-ئەسىر جاۋاب بېرەلمىگەن 15 تۈرلۈك ئىلمىي مەسىلىنى ئېلان قىلدى، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ھاياتلىق قانداق پەيدا بولغان؟

ئىنسانىيەت ھاۋارايىنى تىزگىنلىيەلەمدۇ؟

3. تەبىئەتتە بىر خىل تەكشۈلۈق بارمۇ؟

4. ئەقلىي قابىلىيەت قەيەرنى مەنبە قىلىدۇ؟

5. چوڭ مېڭە ئۆز خىزمىتىنى قانداق ئېلىپ بارىدۇ؟

6. ھۈجەيرە قانداق قىلىپ خروموسوم بىرىكمىلىرىگە ئۆزگىرىدۇ؟

7. ئىنسانىيەت راكنى باش ئەگدۈرەلەمدۇ؟

8. زىرائەت قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن قانداق پايدىلىنىدۇ؟

9. ئادەمسىمان مايمۇن قانداق قىلىپ ئادەمگە ئۆزگەرگەن؟

10. باشقا بىر قۇياش سىستېمىسى بارمۇ؟

11. باشقا بىر قۇياش سىستېمىسىدا ياشايدىغان يىراق بوشلۇق ئادەملىرى بارمۇ؟

12. بوشلۇق ئادەملىرىنىڭ مېڭىسى سەييارىمىزنىڭ ئادەملىرىدىن ئۈستۈنمۇ؟

13. ۋاقىت دېگەن نېمە؟

14. ئۆلۈم ساقلانغىلى بولمايدىغان مۇقەررەرلىكمۇ؟

15. ئۆلۈم قانداق باشلىنىدۇ؟

# ئەينەكچىلىك تېخنىكىسى

مامۇت قۇربان

قەدىمكى مىسىرلىقلار ئولتۇراقلاشقان نىل دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى قۇممىسمان مۇنبەت تۇپراق خېلى بۇرۇنلا ساپال قاچا ياساشنىڭ خام ئەشياسى بولۇپ كەلگەن، مىسىرلىقلار مىلادىدىن خېلى ئىلگىرى ساپال ۋە ھەر خىل رەڭدىكى فارفۇر قاچىلارنى ياساشنى ۋە ئۇلارنى قوڭۇر، قارا، قىزىل رەڭدە سىرلاپ پىششىقلاپ ئىشلەشنى بىلگەن. مىسىرلىقلار ئەڭ بۇرۇن ئىشلەپچىقارغان ساپال قاچىلار قارا رەڭدە بولۇپ، بوش، يۇمشاق، ئاسانلا نەم تارتىپ قالىدىغان بولغاچقا، ئوڭاي ئۇپراپ كېتەتتى. قەدىمكى مىسىرلىقلار كېيىنرەك گرافىت (چىرىمتال ياكى سىلىۋدا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، قارا رەڭدە بولىدۇ) نى ساپال يۈزىگە سىر سۈپىتىدە سۈرۈپ، پارقىرىتىپ، سىرلىق ساپال قاچىلارنى ياسىغان، بۇنىڭ بىلەن ساپال قاچىلارنىڭ سىرتى پارقىراپ، ئۇلار ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ چىرايىنى كۆرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا سۈپىتى سەل ياخشىراق ساپال ئىشلەنسە، ئەينەك ھاسىل بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، ئاخىرى ئەينەكچىلىكنى كەشىپ قىلغان. ئەڭ دەسلەپ مىسىردا ياسالغان ئەينەك قوپال ۋە پىرىك، قېلىن بولۇپ، نۇر ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى ناچار ئىدى. بۇنداق ئەينەكنى مىسىرلىقلار «تاش ئەينەك» دەپ ئاتاشقان.

ئەينەكچىلىك تېخنىكىسىنىڭ جۇڭگوغا قانداق تارقالغانلىقىغا كەلسەك، ئۇنى مۇنداق تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.

تارىخىي مەنبەلەردە ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيۇۋ يىللىرىدا (مىلادىيە 5-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرى) تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىر بۆلىكى بولغان ياۋچىلار دۆلىتىدە ئەينەك ياسايدىغان ئۇستىلارنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بەش خىل رەڭلىك ئەينەك ياساشنى پۇختا بىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. «ۋېينامە» دە ئەينەك ياسىغۇچى ياۋچىلار دۆلىتى «كۇشان» نى كۆرسىتىدۇ دەپ ئىزاھ بېرىلگەن.

ياۋچىلار ئەسلىدە مىلادىدىن ئىلگىرى (150-140-يىللار) جۇڭگونىڭ كۆچمەن چارۋىچى خەلقلىرى بىلەن گەنسۇنىڭ غەربىي شىمالىدىن تەدرىجىي غەربكە كۆچۈشكە باشلاپ، تاغ-داۋانلار ئېشىپ تەدرىجىي جەنۇبقا سىلجىپ، مىلادىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندە، ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ باكترىيىدە ئولتۇراقلاشقان، كېيىن ئۇلار ھىند دەرياسى بويىدە كۇشان دۆلىتى (كۇشان ئىمپېرىيىسى) نى قۇرغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 128-يىلى خەن سۇلالىسى ئەلچىسى جاڭ چيەن بۇ جايلارغا بارغاندا نۇرغۇن غەرب مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇپ، بۇ جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدىغا تونۇشتۇرغان ھەمدە ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي كىتابلارغا نۇرغۇن مەدەنىيەتلەرنى ياۋچىلارنىڭ تارقاتقانلىقىنى يازغان. كېيىنكى مەزگىللەردە باكترىيە بىلەن رىم دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا سودا مۇناسىۋىتى بارلىققا كېلىپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 106-يىلى بىرىنچى تۈركۈم سودا كارۋانلىرى «يىپەك يولى» نى بويلاپ پېرسىيىسىگە كەلگەن. نەتىجىدە، غەربتىكى رىم دۆلىتى بىلەن شەرقتىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا قەرەللىك سودا مۇناسىۋىتى تۇرغۇزۇلغان.

شۇنىڭ بىلەن ياۋچىلار غەرب مەدەنىيىتى ۋە ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

«ئەينەك» دېگەن بۇ ئىسىم تۈرك تىلى بولۇپ، پارسچە «ئائىنە» دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇ سۆز بىزچە بىرەر نەرسىنىڭ ئەكسىنى ئەينەن كۆرسىتىپ بېرىش دېمەكتۇر.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گېلۇڭ يىللىرىدىكى جاۋيىنىڭ «گەيۈينىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەجمۇئەسى» دە ئەينەك توغرىسىدا بەزى چۈشەنچىلەر سۆزلەنگەن بولسىمۇ، ئەينەك ئېلىشنىڭ ئەمەلىي ئۇسۇلى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «كەشمىردە كەھرىۋا، ئەينەك چىقىدۇ» غانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ كىتابنىڭ 33-تومىدا يەنە «چىڭ سۇلالىسىنىڭ گېلۇڭ يىللىرىدا غەربتىن ئېلىپ كېلىنگەن ئەينەكلەر قېلىن ھەم ئاق، جۇڭگودا ئىشلەنگەن ئەينەكلەر نېپىز ھەم چۈرۈك، كۆكۈش ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەنشىگۇ (مىلادى 581-645-يىللىرى) «داكچىن (شەرقىي رىم) دۆلىتىدە كۆك، سېرىق، قارا، قوڭۇر، ئاق، قىزىل، ... قاتارلىق ئون نەچچە خىل ئەينەك چىقىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن جۇمۇۋاڭنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسىدىكى «مۇ ھەزرەتنىڭ تەرجىمھالى»-دا «تاش قويۇش» ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن. مانا بۇ جۇڭگودىكى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەينەك تۈرلىرى بولۇشى مۇمكىن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋاڭ چۇڭ «ئۆلچەملەر توغرىسىدا» دېگەن كىتابىدا «بەش تاشنى بىرلەشتۈرسە ئوت ئەينىكى (مىس ئەينەك) ئالغىلى بولىدىكەن» دەپ خاتىرە قالدۇرۇپ، ئۇ ئۆز ئەسىرىدە مىس ئەينەك بىلەن قويۇلما ئەينەكنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. مانا بۇنىڭدىن ئەينەكچىلىك مەشغۇلاتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تازا ئېنىق ئەمەسلىكىنى، بۇنداق ماددىنىڭ ئەينەككە ئوخشمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بەزى تارىخىي كىتابلاردا «ئوت ئەينىكى پېتىنقى يۈزلۈك نۇر قايتۇرىدىغان ئەينەك بولۇپ، ئۇ كۆپىنكى يۈزلۈك لېنزا ئەمەس. ئۇنداقتا بۇ ئەينەكنىڭ ئۆزى بولماسلىقى مۇمكىن» دەپ خاتىرىلەنگەن. جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كې خۇاڭ «باۋبۇزى» دا «سىرتقى دۆلەتلەردە سۈزۈك قاچىلارنى ياسىيالايدۇ، ئۇنى بەش ماددىنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆچلۈك قىزدۇرۇپ، سوۋۇقلاندۇرۇپ كېڭەيتىپ ياكى قويۇپ ئالىدۇ» دەپ خاتىرىلىنگەن. مانا بۇ سۈزۈك قاچىلار ئەينى ۋاقىتدىكى ئەينەك قاچىلاردىن ئىبارەت.

نەنجىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلار كومىتېتى نەنجىڭنىڭ شاگشەن دېگەن يېرىدىكى شەرقىي جىن سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ قەبرىسىدىن قېزىۋالغان بىر ئىستاكان بىزنىڭ چاي ئىستاكانلىرىمىز بىلەن ھەجىم جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، قېلىن، سۈزۈك بولۇپ، ھازىر پارقىراقلىقىنى سەل يوقاتقان، سەل ئېغىر، لېكىن يەر ئاستىدا شۇنچە ئۇزۇن تۇرۇپمۇ چىرىپ كەتمىگەن. تەتقىقات نەتىجىسى بۇنداق ئىستاكانىنىڭ غەربتىن تارقالغانلىقىنى، جۇڭگونىڭ ساپال قاچىلارنى ياساش تارىخى ئۇزۇن بولسىمۇ، ئەينەكنى ئۆزى ياسىيالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن ئىلگىرى جۇڭگونىڭ ئەينىكى ئاساسەن سىرتتىن كىرگەن، مىقدارىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئەينەك جۇڭگودا ئىنتايىن ئەتىۋارلىق نەرسە بولۇپ قالغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە جۇڭگودا ئەينەك بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. دېمەك ئەينەك ئاۋۋال مىسىردا بارلىققا كېلىپ، ئاندىن كۇشان ئارقىلىق جۇڭگوغا تارالغان.

ئىمارەت ۋە بېزەكچىلىك ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى ئابدۇكېرىم مامۇت تەييارلىدى

# ئۇيغۇر ئەينەكچىلىكى

ئابدۇساتتار ھامىدىن

قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن مىلادىيە 3-ئەسىرگە مەنسۇپ ئەينەك بۇيۇملار تېپىلغان. تۇرپاندىكى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قەدىمكى كۆز قاپ تېپىلغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «نەرسە-كېرەكلەر توغرىسىدا پاراڭ» دېگەن كىتابتا قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىشلەنگەن كۆزەينەك ناھايىتى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. بۇلاردىن كۇشان ياكى ھىندىستاندىن كېيىنلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينەك ياساشنى بىلگەنلىكى مەلۇم.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قاراخانىلار سۇلالىسى (850—1212) دەۋرىدە ھەر خىل ئەينەك ياساش، ئەينەككە گۈل بېسىش، تەخسە، قەنتدان، ۋازا، جام، سىياھدان قاتارلىق رەڭلىك ئەينەك بۇيۇملارنى ئىشلەش تېخنىكىسى خېلى تەرەققىي قىلغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «ئاساسىي ۋەقەلەر توپلىمى، بېقىندىلار» دېگەن كىتابتا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پادىشاھلىرىغا ھەر خىل دورا-دەرمەك، قاشتېشى، ئەينەك قاتارلىق بۇيۇملارنى سانقانلىقى يېزىلغان. ئۇيغۇرلار ئىرانلىقلاردىن كېيىنلا كۆزەينەك، تاش ئەينەك قاتارلىقلارنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كىرگۈزگەن.

شىنجاڭدا ئەينەك تاۋلاش ۋە تەبىئىي مېتال تاشلاردىن تاش ئەينەك پىششىقلاپ ئىشلەشكە كېرەكلىك خام ئەشيا مول بولغاچقا، ئەينەكچىلىك كارخانىلىرىدا يۈزلەپ ئىشچىلار ئىشلىگەن. شىنجاڭدىن تېپىلىپ مۇزېيلارغا قويۇلغان ئۇيغۇر ئەينەكلىرى ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ھازىرغىچە ئاساسەن ساقلاپ قالغان. ئىرىغىل كەنتىدىن تېپىلغان قەدىمكى زاماندا دەپن قىلىنغان جەسەتنىڭ سول مۈرىسىنىڭ ئۈستىگە ئەينەك، ئەينەك ئۈستىگە بىر دانە سۆزگۈچ ۋە يىپەك رەخت قويۇلغان. بۇنىڭدىن ئەينەكنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە كىرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇيغۇر ئەينەكچىلىكى كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر ئىزدا توختاپ قالغان.

يېقىنقى زامانلارغا كەلگەندە، بىرقەدەر تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، خېلى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

---

△ دۈشمەننىڭ ئالدىمىغا چۈشمە ۋە مەدداھنىڭ ماختىشىنى بىر تىيىنگە ئالما، چۈنكى ئاۋالقىسى ھىيلىگەرلىك تورىغىنى قۇرىدۇ، كېيىنكىسى تاماخورلۇق ئېتىكىنى ئاچىدۇ.

ئەخمەق ئادەمگە ماختاش ياقىدۇ، نىمتە قىلىنغان گۆشنىڭ توپىقىدىن پۇۋلەپ يەل بەرسەڭ، سېمىز كۆرۈنىدۇ.

△ نادان بىلەن سۆز تالىشىپ قالغان دانا كىشى ئۆزىگە ھۆرمەت قىلىشنى كۈتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر نادان كىشى دانانى سۆزدە يېڭىۋالسا، ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى، تاش گۆھەرنى پارچىلاپ تاشلايدىغۇ.

— شەيخ سەئدى

# ئۇيغۇرلاردا قەغەزچىلىك ۋە قەغەز قىيمچىلىقى

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ناملىق ماقالىسىدا قەدىمكى قەغەزچىلىك تېخنىكىمىزنى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ: ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى كەشپ قىلىشى ۋە ئۇنى ئىشلىتىشى مىلادىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. 1933-يىلى لوپنۇردىكى قەدىمكى نۇر خارابىسىدىن چىگىدىن ياسالغان بىر پارچە قەدىمكى قەغەز تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 40 سانتىمېتىر كېلىدۇ. قەبرىنىڭ دەۋرى غەربىي خەن دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن نىيە ناھىيىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىنمۇ ئۇزۇن-قىسقىلىقى ۋە سۈپىتى ئوخشاش بولمىغان بىر تۈركۈم قەغەزلەر بىلەن يەرلىك مىللەتلەر يېزىقىدىكى خەت-چەك، ۋەسىقىلەر تېپىلدى. بۇلارنىڭ دەۋرىمۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن يەنە خوتەن، كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان، چاقىلىق، لوپنۇر ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى يادىكارلىق ئىزلىرىدىنمۇ قەدىمكى مىللەتلەر يېزىقىدا يېزىلغان خەت-چەكلەر بىلەن زور تۈركۈمدىكى بۇددا نوملىرى تېپىلغان. بۇلارنىڭ دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1-ئەسىردىن تارتىپ، مىلادى 6-، 7-ئەسىرلەرگىچە توغرا كېلىدۇ.

بۇ قەدىمكى قەغەزلەرنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاساسلىق خام ئەشيالىرى كەندىر ۋە ئاق كەندىر تاللىرى بىلەن ئۈجمە قوۋزاقلىرى تاللىرىدىن ئىبارەت بولغان. بۇ قەدىمكى قەغەزلەر ئىشقارلىق قەغەز بوتقىسى خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدا پىچاقتا كېسىلگەن ئىزلارنىڭ بارلىقى ۋە زىچلىق دەرىجىسىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكى بىلەن ھازىرقى زامان ئالىملىرىنى ھەيران قالدۇردى.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئۇستىكارلىرى قەغەزچىلىك تېخنىكىسى جەھەتتە بىر يۈرۈش ئۇسۇل-چارىگە ئىگە ئىدى. ئەڭ دەسلەپكى ئىشلەپچىقىرىلغان قەغەزلەرنىڭ ھەممىسى رەخت سىزىقلىق قەغەز بولۇپ، كاناپ ياكى ئات قۇيرۇقى، مەشۇت، چىگە قاتارلىق قىل يىپلاردىن تور توقۇپ، ئۇنى تۆت كېرىلگۈچ ياغاچ جاھازىسىغا مەھكەم بېكىتىپ قېلىپ ياساپ كالا بوتقىسىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ سۈيىنى ئېقىتىپ تۆكەتكەندىن كېيىن ھاسىل بولغان شىلىمشىمان پەردىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسايتتى. يەنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغاندا قەغەز بولۇپ چىقاتتى. بۇنىڭدىن باشقا قەغەز خام ئەشياسى (كەندىر تالاسى بىلەن ئۈجمە قوۋزىقى تالاسى)نى پىچاق بىلەن توغراش، شۆلتا سۈيۇقلۇقى بىلەن قاينىتىش قاتارلىق مەشغۇلاتلاردىن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى بىلەنمۇ رەخت سىزىقلىق قەغەز بىلەن چىغ سىزىقلىق قەغەزلەرنى ياسىغانلىقى مەلۇم.

بولۇپمۇ مىلادى 2-ئەسىردىن 7-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەزچىلىك سانائىتى ناھايىتى تېز ئىلگىرىلەشكە باشلىدى ۋە خوتەن، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق بۇددا دىنى مەركەزلىرىدە كۆپلىگەن قەغەزچىلىك كارخانىلىرى قۇرۇلۇپ، كۆپ مىقداردىكى قەغەزلەر ئىشلەپچىقىرىلدى. بولۇپمۇ نوم-سۇتىرالارنى بېسىش ۋە ئۇنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىش، ئىچكى جايلارغا يۆتكەش، ئۇ تەرەپلەردىن كەلگەنلىرىنى نوم-سۇترا ۋە ئايەت يازىدىغان دەپتەر بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرى شۇ زامان شارائىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ساۋابلىق ئىش بولغاچقا، جەمئىيەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن شىنجاڭ دائىرىسىدە مىڭلارچە قەغەز ياساش كارخانىلىرى بىلەن مەتبەئە-نەشرىياتچىلىق ئورۇنلىرى بارلىققا كەلگەن.

بۈگۈنكى كۈندىكى خوتەن، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن چىققان باغلام-باغلام قول

يازمىلار بىلەن نوم-سۇترالار ھەم مەتبەئە-نەشرىيات بۇيۇملىرى ئەنە شۇ زاماننىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ھەرقايسى مۇزېيلاردا ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، قەغەز ياساش تېخنىكىسى ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭ (ئۇيغۇرلار)غا تارالغان ئەمەس. بىر قىسىم كىشىلەر يېزىپ يۈرگەن سەيلۇننىڭ قەغەز ياسىغانلىقى رىۋايەت بولۇپ تارىخ ئەمەس. ئىلمىي پاكىت ئاساسى يوق، ھەتتا قەغەزنىڭ خام ئەشياسى بولغان ئات قۇيرۇقى، مەشۇت، چىگە، پىلە، ئۈجمە قاتارلىقلار كېيىنكى زامانلاردا شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغان.

**قەغەز قىيمىچىلىقى** (يەنى قەغەزلەرنى ئويۇش ياكى كېسىش ئارقىلىق ئادەم ياكى باشقا نەرسىلەرنىڭ شەكلىنى چىقىرىش) قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بىر خىل تەسۋىرىي سەنئەت شەكلىدىن ئىبارەت.

ئازادلىقتىن كېيىن ئېلىمىز ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپان، كۇچا، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا قېزىش ئېلىپ بېرىپ، زور تۈركۈمدىكى قەغەز قىيمىلىرىنى تاپتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپاندىكى قەدىمكى قەبرە-يادىكارلىقلاردىن تېپىلغان قەغەز قىيمىلىرى بىرقەدەر مۇكەممەل چىرىماي ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ مەزمۇنىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، تۇرپاندىن تېپىلغان قەغەز قىيمىلىرى ھازىرغىچە جۇڭگو تۇپرىقىدىن تېپىلغان ئەڭ بالدۇرقى قەغەز قىيمىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

تۇرپاندىن تېپىلغان ئەڭ بالدۇرقى بەش پارچە قەغەز قىيمىسىنىڭ ئۈچ يۈرۈشى گېئومېترىك شەكىللەر بىلەن قىيىلىپ، نەپىس گۈل نۇسخىلىرى چىقىرىلغان. قاتلانغان بەزى جايلىرى يەملىنىپ، ئېگىز-پەسلىكى، كەڭ-تارلىقى، ئۇزۇن-قىسقىلىقى مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە شەكىل ھاسىل قىلىپ، مىللىي نۇسخىچىلىقنىڭ تىپىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرگەن. قالغان ئىككى يۈرۈش قىيمىلار تولىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ، گېئومېترىك شەكىلنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىر توپ ئات ۋە مايمۇنلارنىڭ شەكىل ھالىتى قىيىپ چىقىرىلغان.

ھازىرغىچىلىك مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلىپ توپلانغان قەغەز قىيمىلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىدا، مىلادى 7-ئەسىردىن ئىلگىرىكى قەغەز قىيمىچىلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق ئىدى، ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ كەلگەنىدى، ۋەھالەنكى تۇرپان رايونىدىن بۇنداق قەغەز قىيمىلىرىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن تېپىلىشى ۋە مىلادى 3-ئەسىردىن ئىلگىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى — جۇڭگو قەغەز قىيمىچىلىق سەنئىتىنىڭ تارىخىنى توپتوغرا 400 يىل ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ كەم تەرەپلىرىنى تولدۇرۇش بىلەن بىللە بۇنداق بەدىئىي سەنئەت شەكىللىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ئىسپات، يېڭى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قەغەز قىيمىچىلىقى سەنئىتىنىڭ (شىنجاڭدىكى) يىل دەۋرىنى مىلادى 3-ئەسىرگە مۇئەييەنلەشتۈردى.

قەغەز قىيمىچىلىقى، نۇسخىچىلىق، بوياقچىلىق، زىننەتچىلىك، ھەيكەل-قورچاقچىلىق، ئويمىچىلىق، نەققاشچىلىق قاتارلىق بەدىئىي سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبلىرى ئومۇملۇق جەھەتتىن ئوخشاش بولىدۇ. ھەتتا بەزى نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ يول، سىزىق، گۈل نەقىشلىرى، نۇسخىلىرى قەغەز قىيمىچىلىقىدىن بىۋاسىتە ئۆرنەك ئېلىپ ياسىلىدۇ. لېكىن ئۇ باشقا خىلدىكى خام ماتېرىياللاردىن ياسالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ باشقىچە نام بىلەن ئاتىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق بەدىئىي سەنئەت شەكىللىرىنىڭ يېقىنچىلىقى، زىچ باغلىنىشلىقىغا ئاساسەن، تۇرپاندىن تېپىلغان قەغەز قىيمىلىرىنى شۇ جايدىكى قەدىمكى قەبرە-يادىكارلىقلاردىن تېپىلغان باشقا سەنئەت شەكىللىرىگە سېلىشتۇرۇپ ۋە باغلاپ تەتقىق قىلغانىدىلا، ئاندىن قەدىمكى ئۇيغۇر قەغەز قىيمىچىلىقىنىڭ تارىخىنى يورۇتۇپ، ئۇنىڭ باشلىنىش، تەرەققىي قىلىش جەريانلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت تارىخىدا تۇتقان ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

# يەكەن قەلەمتىرشى

ئابدۇكېرىم قادىر

يەكەن قەلەمتىرشى تىغ سۈيىنىڭ ئەۋشىلىشىدىكى مۇكەممەللىكى، ئۆتكۈرلۈكى، دات باسمايدىغانلىقى، چىرايلىقلىقى ۋە ئەپچىل-لىكى بىلەن بۇرۇندىن تارتىپ بازار تېپىپ كەلگەن. ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە، ئەرەب ئەللىرىگىچە يېتىپ بارغان.

يەكەن قەلەمتىرشى بىر ئەسىرگە يېقىن تارىخقا ئىگە. بۇ قەلەمتىراشنى دەسلەپ 1980-يىلى 84 يېشىدا يەكەندە ئالەمدىن ئۆتكەن زىرىپ ئەھمەد دېگەن كىشى ياسىغان ۋە نۇسخا ئۆزگەرتىپ يېڭىلىغان بولۇپ، ئۇ يەكەن قەلەمتىرشىنىڭ تۇنجى ئۇستازى.

زىرىپ ئەھمەت 1896-يىلى كېرىيە ناھىيە بازىرىدا قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپ ئۆز يۇرتىدا تۆمۈرچىلىكنى ئۆگەنگەن. 1914-يىلى 18 يېشىدا يۇرت كېزىپ يەكەنگە كەلگەن ۋە ئەينى ۋاقىتتا چەت ئەللىكلەر بىلەن بېرىش-كېلىشى، سودا ئالاقىسى قويۇق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغان بۇ شەھەردە ماكانلىشىپ قېلىپ، پىچاقچىلىقنى ئاساس قىلغان تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ تۆمۈر تاۋلاش، سۇغىرىش ھۈنىرىنى خېلى پىششىق ئىگىلىگەن. بۇ جەرياندا بازار ئەھۋالى ۋە ھىندىستان، ئەرەب ئەللىرىدىن كىرگەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ئۇنىڭ ھۈنىرىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆپ ئەسىرلىك ئۇيغۇر پىچاقچىلىقىدا قەلەمتىراشتىن ئىبارەت پىچاقنىڭ بۇ يېڭى تۈرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

« قەلەمتىراش » دېگەن سۆز قەلەمنى تۈزۈش، ئۇچلاش، قەلەم ئۇچلىغۇچ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەينى ۋاقىتلاردا مىرزىلار، خەتتاتلار ۋە ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ خەتنى قومۇشنى ئۇچلاپ، ئاندىن ئۇنى سىياھقا چىلاپ يازاتتى. شۇڭا قەلەمتىراش كۆپ ئىشلىتىلىدۇ ۋە ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغاچقا، تېز بازار تاپقان. چەت ئەللىك سودىگەرلەرمۇ قەلەمتىراشنى ئۆز ئەللىرىگە ئېلىپ كەتكەن. دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قەلەمتىراشنىڭ نۇسخىسى كۆپىيىپ، قەلەم نۇسخا، تولتا نۇسخا، قاپلىق قەلەمتىراش، قازاقچە نۇسخا قاتارلىق 18 خىلغا يەتكەن. لېكىن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدە ئون يىلدەك بازاردىن غايىب بولغان.

پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يەكەن قەلەمتىرشى يېڭىباشتىن قەدىر-قىممىتىنى تېپىپ، بازاردا يەنە پەيدا بولدى. زىرىپ ئەھمەد ئۇستا ئۆزىنىڭ نام-شەرىپىنى ئۆزى ياسىغان نۇرغۇن قەلەمتىراشنىڭ تىغىدا قالدۇرۇپ، 1980-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. لېكىن ئۇنىڭ ھۈنىرى ئۆلمىگەن، ئۇنىڭ قولىدا يېتىشىپ چىققان 12 شەگىرت بۇ كەسىپنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ھازىر بۇ كەسىپ تېخىمۇ گۈللەندى.

يەكەن ناھىيىلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسى مەبلەغ سېلىپ، قەلەمتىراش كارخانىسى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى ئەركىن، قايناق بازارلىرىمىزدا ئاتا كەسىپىمىز-نىڭ داڭقى تېخىمۇ يىراقلارغا تارالماقتا.

www.uyghurkitap.com



# ئەرەب ئاسترونومىيىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ شەرق-غەربكە كۆرسەتكەن تەسىرى

موخەن

ئاباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاسترونومىيە جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئۇرغۇن ئالىملارنىڭ ئاسترونومىيە نەزەرىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۇنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار ئەينى ۋاقىتلاردىلا پلانېتلارنىڭ جايلىشىش جەدۋىلىنى تۈزۈش، مېرىدىئان ئۆلچەش، يەر شارى چەمبىرى ئايلانمىسىنى ھېسابلاش قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان، بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

ئەرەب مۇسۇلمانلىرى رەسەتخانا قۇرۇش ۋە ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش ئەسۋابلىرىنى ياساشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. ئەرەب مۇسۇلمانلىرى قۇرغان تۇنجى رەسەتخانىنىڭ تارىخىنى مىلادى 8-ئەسىرنىڭ بېشىدىن ئۇمايىيا سۇلالىسى دەۋرىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. دەمەشقتە قۇرۇلغان بۇ رەسەتخانىنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن شەكلى قەدىمكى گرېكلار ئالېكساندرىيىدە قۇرغان رەسەتخانىغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان. مەئمۇن خەلىپە دەۋرىگە كەلگەندە، ئاسترونومىيە تەتقىقاتىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دەمەشق، باغدات قاتارلىق جايلاردا خېلى چوڭ ئۈچ رەسەتخانا قۇرۇلغان، كېيىن ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەرقايسى مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىگە تەۋە رايونلاردا بىرمۇنچە رەسەتخانا قۇرغان.

ئاسمان جىسىملىرىنى تەپسىلىي كۆزىتىش ھەمدە گرېتسىيە، ھىندىستان ئاسترونومىيە نەزەرىيىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىسىدا ئەرەب ئاسترونومىيىسى خېلى مۇكەممەل ئاسترونومىيە سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى دۇنيا ئېتىراپ قىلغان، ئاباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۈچ مەشھۇر ئاسترونومى يازغان ئاسترونومىيىگە ئائىت تۆت ئەسەر يەنى غاگەنىنى (?-880) يازغان «ئاسترونومىيە ئاساسى»، باتتانى (859 — 929) يازغان «پلانېت ئىلمى توغرىسىدا»، سوفى (903 — 986) يازغان «تۇرغۇن يۇلتۇزلار خەرىتىسى» ۋە بىرۇنى* (973 — 1050) يازغان «مەسئۇد ئاسترونومىيىسى ۋە ئاسترولوگىيە قانۇنىسى» دىن ئىبارەت.

بىرۇنى مەشھۇر ئاسترونوم بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ تەبىئىي پەن ساھەسىدە ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئىجادچانلىققا باي، بىلىمى چوڭقۇر ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇسۇلمان ئالىم. ئۇنىڭ «قەدىمكى زامان خارابىلىرى» دېگەن يەنە بىر ئەسىرىمۇ تارىختىن بۇيانقى ئاسترونوملارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىغا ئېرىشكەن. بۇ ئەسەردە جايلاردىكى خەلقلەر ئادەتتە ئىشلىتىپ كەلگەن مەخسۇس كالېندارلار بايان قىلىنغان.

بىرۇنىنىڭ ئاسترونومىيىگە قوشقان يەنە بىر ئۇلۇغ تۆھپىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ قەدىمكى زامان گرېك ئاسترونومى ئارىسچۇستىن كېيىن يەر شارى قۇياشنى ئايلىنىپ چۆرگىلىشى مۇمكىن، دېگەن نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە يەر شارىنىڭ دىئامېتىرىنى ئۆلچەش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلغان.

قىسقىسى، ئاباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاسترونوملار ئاسترونومىيىلىك ئۆلچەش ۋە ھېسابلاش جەھەتتە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلاردىن باشقا، ئۇلار قۇياشنىڭ ئاسمان جىسىملىرى مەركىزىدىن چەتنىشى 12.04 گرادۇس ئىكەنلىكىنى ئۆلچەپ چىققان، بۇنىڭ توغرىسى بولسا 11.08 گرادۇس. مېرىدىئاننىڭ بىر گرادۇسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 66.66 ئىنگلىز مىلى، يەر شارىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 24 مىڭ ئىنگلىز مىلى كېلىدۇ، دەپ ئۆلچەپ چىققان

* بىرۇنى ئەرەب ئەمەس، بەلكى تۈركلۈك — مۇھەررىردىن.

بولۇپ، بۇلار ئەمەلىي ئۈزۈنلۈقىدىن ئانچە پەرق قىلمايدۇ. ئۇلار يەنە ياۋروپالىقلاردىن نەچچە يۈز يىل بۇرۇن كۈن تۇتۇلۇش ھادىسىسى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى خاتىرىلىگەن ۋە تۇرغۇن يۇلتۇزلاردىن باشقا، يەر شارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق پلانىتلارنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتچان پلانىتلار دېگەندىن ئىبارەت ئاسترونومىينىڭ بۇ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كوپېرنىك ئۆزىنىڭ «پلانىتلار ھەرىكىتى» دېگەن ئەسىرىدە مۇشۇنداق نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقىت مىلادى 16-ئەسىر بولۇپ، ئەرەبلەردىن نەچچە يۈز يىل كېيىن.

ئابباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئەرەب ئاسترونومىيىسىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولغان ۋە ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ياۋروپا ئاسترونومىيىسى ۋە جۇڭگو ئاسترونومىيىسىگىمۇ ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن. غەربنىڭ مەشھۇر ئاسترونوملىرى، مەسىلەن: كوپېرنىك، لاپلاس قاتارلىقلار ئاسترونومىيىلىك تەتقىقاتتا ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاسترونومىيە تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پايدىلانغان. مەشھۇر ئاسترونوم لالاندىنىڭ باتتانىنى «دۇنيا بويىچە مەشھۇر 20 ئاسترونومنىڭ بىرى» دەپ قارىغانلىقى ئەرەب ئاسترونومىيىسىنىڭ ياۋروپا ئاسترونومىيىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ غەرب ئاسترونومىيە سىستېمىسىدا ئاسترونومىيىگە ئائىت بەزى ئاتالغۇلار ئەرەبچە ئاتالغۇنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە قوللىنىلماقتا.

شەرق-غەرب ئەللىرى ئىچىدە ئەرەب ئاسترونومىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ روشەن ئۇچرىغىنى جۇڭگو. جۇڭگو قەدىمكى زامان ئاسترونومىيىسى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تازا گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن. بۇ دەۋردە گوشۇجىڭ، ۋاڭ شۈنلەر ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم مەشھۇر ئاسترونوملار مەيدانغا كەلگەن ۋە دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار كالېندارنى ئىجاد قىلغان. ئەرەب ئاسترونومىيىسىدىن پايدىلىنىش يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئاسترونومىيىدە بۇنداق شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈلۈشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى.

ئەرەب ئىسلام ئاسترونومىيىسى جۇڭگو ئاسترونومىيىسىگە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ بېشىدىن يەنى 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ بېشىدىن تارتىپ مۇسۇلمانلار ئىگىدارچىلىقىدا ئۇيغۇر رەسەتخانىلىرى قۇرۇلغان. 1267-يىلى ئەرەب ئاسترونومىيىسىنى پۇختا ئىگىلىگەن ئۇيغۇر ئاسترونوم جامالىدىن جۇڭگوغا ئەۋەتىلگەن ۋە ئۇ جۇڭگودا رەسەتخانا قۇرۇشقا قاتناشقان. جامالىدىن جۇڭگودا تۇرغان مەزگىلدە پلانىت بۇلۇڭ ئۆلچىگۈچ، يانتۇ پارالىل ئۆلچىگۈچ، تەكشى پارالىل ئۆلچىگۈچ، ئاسمان گۈلۈبۇسى، گۈلۈبۇس، تەخسىدىن ئىبارەت يەتتە خىل ئەرەبچە ئاسترونومىيە ئەسۋابى ياسىغان.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنى مىلادى 1276-يىلى گوشۇجىڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بىر تۈركۈم يېڭى ئاسترونومىيە ئەسۋابلىرى ياسالغان.

ئەرەب ئاسترونومىيىسىنىڭ جۇڭگو ئاسترونومىيىسىگە بولغان تەسىرى كالېندارىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ، جۇڭگو كالېندارى ئىچىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كالېندار ئەڭ توغرا بولۇپ، ئۇ، يېلىچۇسەي «يۈەن سۇلالىسىنىڭ گېڭۇۋ كالېندارى»نى ئەرەب كالېندارىدىن پايدىلىنىپ ياسىغاندىن كېيىن ئىشلىگەن، «مەڭگۈلۈك كالېندار» بولسا ئەمەلىيەتتە جامالىدىن جۇڭگوغا ئېلىپ كىرگەن ئەرەب كالېندارىدۇر، بۇ كالېندار ئەرەبچە «ئالزىيچ الشامل» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭدىن يۈەن سۇلالىسىدىكى كالېندارنىڭ ئەرەب كالېندارىنىڭ تەسىرىگە شۇنچىلىك چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئەرەب ئاسترونومىيىسى جۇڭگوغا تارقالغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئارقىلىق كورېيە، ياپونىيە قاتارلىق رايونلارغا تارقىلىپ، ئۇ يەرلەرنىڭ ئاسترونومىيىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن، 15-ئەسىردە كورېيىدە يېزىلغان ئاسترونومىيىگە ئائىت ئەسەرلەردىمۇ ئەرەب ئىسلام ئاسترونومىيىسى تونۇشتۇرۇلغان نۇرغۇن مەزمۇنلار بار.

(بىرونى ئەرەب ئەمەس، بەلكى، تۈرۈك مۇھەررىردىن) ئىمىنجان تەرجىمىسى

# ئەرەبلەرنىڭ يەر شارى تەلىماتىغا قوشقان تۆھپىسى

مىلادى 8-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە ياۋروپا ئىلىم-پەن ساھەسى تېخى قالاق ھالەتتە ئىدى، ئەرەب ئىمپېرىيىسى بولسا پەن-مەدەنىيەت ئىشلىرىدا يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى. ئىمپېرىيە تەۋەلىكىدە ياشاپ كەلگەن ھەر مىللەت خەلقى يۇنان، پارس، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، پەن-تېخنىكا، ئىلىم-مەرىپەت ساھەلىرىدە شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئىنسانلار مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.

ئەرەب دۇنياسىدا ئوتتۇرا ئەسىردە تەبىئىي جۇغراپىيىنىڭ بىرقەدەر تەرەققىي تېپىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. ئىسلام دىنى ئىمپېرىيە چېگرىسى ئىچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ئېتىقاد قىلىدىغان دىن ئىدى. مۇسۇلمانلار نامازغا ئولتۇرغاندا مەككىدىكى كەئبىگە (بەيتۇللاغا) يۈز كەلتۈرۈشى شەرت بولغاچقا، ئەرەب دۇنياسىدىكى مۇسۇلمانلارغا مۇقەددەس شەھەر مەككىنىڭ تەرەپ ئورنىنى ئۆلچەپ چىقىش شەرتىنى قويدى ۋە ئۇلارغا مەككىگە بېرىش ئۈچۈن يۆنىلىشنى توغرا پەرقلەندۈرۈش، ئارىلىقنى ئۆلچەپ ھېسابلاش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. كۆچمەن چارۋىچىلىق مۇھىتىدا ياشاپ كەلگەن ئەرەبلەر يۆنىلىشنى پەرقلەندۈرۈشتە قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى كۆزەتتى؛ ئەرەبلەر سودا ئىشلىرىغا ئېتىبار بېرىدىغان مىللەت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سودا كارۋانلىرى ئاسىيا-ئافرىقا ۋە ياۋروپانىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۆز ئىزىنى قالدۇردى، سودا كېمىلىرى ئوتتۇرا دېڭىز، ھىندى ئوكيان ۋە غەربىي تىنچ ئوكياندا دولقۇنلار يېرىپ سەپەر قىلدى، ئۇلار مەيلى دېڭىز سەپىرى ياكى قۇرۇقلۇق سەپىرىدە بولسۇن، تۇرغۇن يۇلتۇزنىڭ ئورنىنى قىبلىنامە قىلىپ، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى كۆزىتىش ئارقىلىق يۆنىلىشنى تاللاپ ۋە ھۆكۈم قىلىپ، ئۆزلىرى باسقان مۇساپىنى ھېسابلىدى. مانا بۇلار تەبىئىي جۇغراپىيىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئەرەب ئىلمى تەتقىقاتلىرىدا غەربنىڭ كلاسسىك مەدەنىيىتى ساقلاپ قېلىنغان. ئاببىاسىيلار سۇلالىسىنىڭ 2-خەلىپىسى مەنسۇر (754 — 775-يىلىغىچە) ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن، ۋىزانتىيىگە (شەرقىي رىم مەملىكىتىگە) ئەلچىلەر ئەۋەتكەن، ۋىزانتىيە (رىم) پادىشاھى ئارىستوتىل ۋە پتولېمېينىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن يۇنان كىتابلىرىنى مەنسۇرغا ھەدىيە قىلغان. مەنسۇر بىرمۇنچە تەرجىمانلارنى تەكلىپ قىلىپ بۇ كىتابلارنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدۇرغان. ياۋروپادا يەر شارىنىڭ تەكشى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەلىمات يېڭىباشتىن ئەۋج ئالغاندا ئەرەب ئالىملىرى ئارىستوتىل ۋە پېتولېمېينىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق يەر شارىنىڭ يۇمىلاقلىقى توغرىسىدىكى تەلىماتنى چۈشىنىپ يەتكەن. 9-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب ئالىملىرىدىن ئىبنى ساجىر، خارەزمى① قاتارلىقلار خەلىپە مەئمۇننىڭ ھاۋالىسى بىلەن 814-، ۋە 827-يىللىرى ئېفرات دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى شىنچار چۆلى بىلەن سۇرىيىنىڭ پالمىرا تۈزلەڭلىكىگە بېرىپ، مېرىدىئان گرادۇسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئىككى قېتىم ئۆلچىگەن ھەمدە شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، يەر شارىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقىنى ھېسابلاپ چىققان، ئۇنى مېترغا سۇندۇرغاندا 44 مىڭ كىلومېتىر بولۇپ، يەر شارىنىڭ ئەمەلىي ئايلانما ئۇزۇنلۇقىدىن ئۇن پىرسەنت ئارتۇق.

ئاببىاسىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئەرەب ئۆلىمالىرى رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئاسترونوم، جۇغراپىيە ئالىمى پتولېمېينىڭ «ئاسترونومىيە قامۇسى» ناملىق ئەسىرىنى ئىككى قېتىم تەرجىمە قىلغان. 12-ئەسىردە مەشھۇر ئەرەب ئۆلىماسى (ئالىمى) ئىبنى روشىد «ئاسترونومىيە قامۇسى»نى يەنە بىر قېتىم تەرجىمە قىلغان. بىرمۇنچە ئەرەب ئۆلىمالىرى (ئالىملىرى) بۇ كىتابقا قىسقىچە مەزمۇن، ئىزاھات ۋە بايانلارنى يېزىپ، يەر شارىنىڭ شەكلى توغرىسىدىكى تەلىماتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شەرھلىگەن. بۇ ئەسەر 1410-يىلى ئەرەبچىدىن لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، پورتۇگالىيە، ئىسپانىيە ۋە

① خارەزمى ئەرەب ئەمەس، بەلكى تۈرۈك — مۇھەررىردىن.

ئىتالىيىلىكلەرنىڭ يېڭى دېڭىز يولىنى ئېچىپ، يەر شارىنى ئايلىنىش سەپىرىنى بەلگىلىشىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

10-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 11-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارەزىمدە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم (ئۆلىما) بىرونى ئۇدىيات شەھىرى (TGK، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرونى شەھىرى) دە تۇغۇلغان، ئۇ، ئەرەب تىلى، تۈرك تىلى، سانسكرىت تىلى، ئىبراي تىلى ۋە قەدىمكى سۇرىيە تىلىنى پىششىق بىلەتتى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى 7-ئەسىردىن كېيىن ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغانلىقتىن، ئەرەب ھۆكۈمرانلىرى بۇ رايوندا ئىسلاملاشتۇرۇش ۋە ئەرەبلەشتۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئىسلاملىشىپ كەتتى. بىر قىسىم ئاھالىلەر ئەرەبلىشىپ كەتتى.

بىرونى — يەر شارى توغرىسىدىكى تەلىماتنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوللىغان ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يەر شارى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ ۋە قۇياشنى ئايلىنىدۇ، دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: «ئەگەر يەر شارى يۇملاق بولمىسا، ئۇ ھالدا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ قىش ۋە ياز پەسىللىرىدە پەرق بولمايدۇ، ھەرقانداق بىر سەييارىنىڭ كۆرۈنۈش دەرىجىسى ۋە ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىدىكىدەك بولماستىن، بەلكى پۈتۈنلەي باشقىچە بىر خىل ئەھۋالدا بولىدۇ». بۇ بايانىدىن بىرۇنىنىڭ كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن-قىسقا بولۇپ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى يەر شارىنىڭ قىيپاش بولۇپ، قۇياشنىڭ ئايلانغانلىقى-دىن بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنى بىرونى كوپېرنىكنىڭ «قۇياش مەركەز تەلىماتى»دىن 500 يىل بۇرۇن بىلگەن.

بىرونى 1018-يىلى كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى، ئىراننىڭ شىمالىي چېگرا شەھىرى گۇرگاندا ئىلمىي ئەھمىيىتى بولغان گېئودېزىيىلىك ئۆلچەش ئېلىپ بارغان، كېيىن ھىندىستانغا بېرىپ تۇرغان مەزگىلدە يەنە بىر قېتىم ئۆلچەپ ھېسابلىغان. بىرونى ئۆلچەش-ھېسابلاش جەريانىدا ئۆز قېرىندىشى ھۇججاج 10-ئەسىردە كەشىپ قىلغان بۇلۇڭ ئۆلچىگۈچى سېكستانتتىن پايدىلىنىپ، ئىككى تال يۆنىلىش سىزىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئارا بۇلۇڭنى ۋە كۆزىتىپ ئۆلچەش نۇقتىسىنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەش ئارقىلىق يەر شارىنىڭ چوڭلۇقىنى ھېسابلاپ چىقىدىغان يېڭى ئۇسۇلنى كەشىپ قىلغان.

بىرونى ئالدى بىلەن كاسپىي دېڭىزى بويىدىن كۆزىتىش نۇقتىسى ئۈچۈن تاللىغان بىر چوققىنى ئۆلچىگەن، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 652 ئەرەب چىسى (تەخمىنەن 300 مېترغا تەڭ) چىققان، ئارقىدىن كىچىك تاغ چوققىسىغا چىقىپ، دېڭىز يۈزى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان ئاسمان بوشلۇقىدىكى ئۇپۇق سىزىقىنىڭ كۆرۈش سىزىقى بىلەن گورىزونتال (تەكشى) يۆنىلىش سىزىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئارا بۇلۇڭنى يەنى بايقاش بۇلۇڭىنى ئۆلچەپ چىققان، بۇ بۇلۇڭ تەخمىنەن 33 مىنۇت چىققان.

بىرونى ئۇزاق مۇددەت ھىندىستاندا مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇپ، ھىندىستان بىلەن ئەرەب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەن-مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە مۇھىم تۆھپە قوشقان، ھىندىستاندىكى بەزى مەشھۇر ئالىملارنىڭ مۇھىم ئىلمىي ئەسەرلىرى، مەسىلەن تەبىئىي جۇغراپىيىگە دائىر ئەسەر-لىرىنى ئۇ ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ «ھىندىس-تان تەزكىرىسى»گە كىرگۈزگەن ھەمدە غەربكە تارقاتقان. ھىندىستان ئالىملىرى بىرونىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قانداق تەتقىق قىلىش، دەلىل-ئىسپاتلارنى قانداق تەكشۈرۈپ تېپىش ۋە قانداق ھېسابلاشنى ئۆگەنگەن.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ يەر شارى توغرىسىدىكى تەلىماتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تەبىئىي جۇغراپىيىگە دائىر بىلىملەر جۇڭگوغىچە يېتىپ كەلگەن ھەمدە جۇڭگو زىيالىيلىرى ئارىسىدا مەلۇم تەسىر پەيدا قىلغان، شۇنداقلا مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە غەربنىڭ ئىلغار تەبىئىي جۇغراپىيىسىنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشىغا شارائىت ھازىرلىنىپ، جۇڭگو-چەت ئەل پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەن-دە، جۇڭگو ئىلمىي تەتقىقات ساھەسى يەر شارى توغرىسىدىكى كۆز قاراش ۋە ئالاقىدار تەلىماتلارنى ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلغان.

# مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندىكى چىرىشتىن ساقلاش تېخنىكىسى

**مۇكەممەل ساقلانغان قەدىمكى ئىككى جەسەت** جۇڭگودا قەدىمكى زاماندا جەسەت ساقلاشنىڭ نەچچە خىل ئۇسۇلى بار ئىدى. ئالايلۇق، جەسەتنى ساندۇققا سېلىپ چوڭقۇر دەپنە قىلىش، ھاك، سىماب بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىش، ياغاچ كۆمۈر بىلەن جەسەتنىڭ نەملىكىنى يوقىتىش قاتارلىقلار. بىراق كىشىنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرىدىغىنى، مەملىكىتىمىزدە بۇنىڭدىن بىر-ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرى قەدىمكىلەر بىر خىل چىرىشتىن ساقلاش دورىسى ئىشلىتىپ، جەسەتنى مۇكەممەل ساقلاپ قالغان. بۇ توغرىسىدا مۇنداق ئىككى مىسال بار:

1. «سۇي» ئىسىملىك بىر ئەر كىشىنىڭ جەسىتى. 1975-يىلى 6-ئايدا، ئارخېئولوگلار قەدىمكى چۇ بەگلىكىنىڭ پايتەختى جىنەن شەھىرىنىڭ ئىچىدىكى فېڭخۇاڭ تېغىدىن غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ 168-نومۇرلۇق قەبرىنى قازغاندا ئىچىدىن مۇكەممەل ساقلانغان بىر جەسەت چىققان. قەبرىدىكى تارشىغا خاتىرىلىنىشىچە، ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمى «سۇي» بولۇپ، 60 يېشىدا ئۆلگەن. ھايات ۋاقتىدا بەشىنچى دەرىجىلىك داۋ مەنسىپىگە ئېرىشكەن، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېدىنىڭ 13-يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 167-يىلى) 5-ئايدا دەپنە قىلىنغان. بۇ قەدىمكى جەسەت تەخمىنەن 100 كىلوگرام كېلىدىغان توق قىزىل رەڭلىك سۇيۇقلۇققا چىلاپ قويۇلغان بولۇپ، تېرە مۇسكۇللىرى تاكى قېزىۋېلىنغىچە ئېلاستىكىلىقىنى يوقاتمىغان، ئىچكى ئەزالىرىمۇ تولۇق بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان، 32 تال چىشىمۇ تولۇق ھەم چىڭ، بۇرۇن يوللىرىمۇ راۋان تۇرغان. دەسلەپتە توپىدىن قېزىۋېلىنغاندا كىشىلەر ئۇنىڭ قىزغۇچ سېرىق، ئەۋرىشىم تېرىسى ۋە ئېگىلىپ تۇرىدىغان ئىككى قولىغا قاراپ، ئۇنىڭ يەر ئاستىدا توپتوغرا 2142 يىل كۆمۈلۈپ ياتقان قەدىمكى جەسەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالغان.

2. ۋۇجى ئىسىملىك مۇناخىنىڭ «تېنى». تاڭ سۇلالىسى جېنيۈەننىڭ 6-يىلى (مىلادىيە 790-يىلى)، 91 ياشلىق ۋۇجى ئىسىملىك مۇناخ يۇرتى نەنچيۈەندىكى نەنتەي بۇتخانىسىدا، شاگىرتلىرىغا ئۆزى يىغقان 100 خىلدىن ئارتۇق دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ قايناتقۇزغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنى شۇ دورىدىن ئۇن چىنە ئىچىپلا، تاماق يېمىگەن. بىر ئايدىن كېيىن مۇناخ ئازراق ئورۇقلاپ قالغان، لېكىن چىرايى ۋە كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەن. بىر كۈنى، ئۇ ئولتۇرغان جايىدا قىمىرلىمايلا بۇددا نومىنى يادلىغان پېتى ئۆلۈپ قالغان. بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىنمۇ مۇناخىنىڭ تېنى چىرىماي، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ۋە مۇرتلار بۇنى كۆرۈپ، مۇناخىنىڭ تېنى پەيغەمبەرگە ئايلىنىپ كەتتى دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئىلاھ دەپ ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت شام كۆيدۈرگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى يىللىرى (1945-يىلى)، ياپونىيە جاسۇسى دۇبيەن سىلاڭ بۇ «تەن»نى ياپونىيىگە ئوغرىلاپ كەتكەن. ھازىر ئۇ ياپونىيىنىڭ خېڭبىن شەھىرىنىڭ خېجەن رايونىدىكى بىر بۇتخانىدا ساقلانماقتا. بۇنىڭ ساقلىنىۋاتقىنىغا 1200 يىلدىن ئاشتى.

ئۇنۇملۇك چىرىشتىن ساقلاش دورىسى. «سۇي» ئىسىملىك ئەر جەسەتنىڭ مۇكەممەل ساقلىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، چوڭقۇر دەپنە قىلىنىپ ھەم ئېتىۋېتىلگەندىن باشقا، ئۇ چىلاپ قويۇلغان توق قىزىل سۇيۇقلۇق باكتېرىيە تىزگىنلەش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش ۋە چىرىشتىن ساقلاش قاتارلىق ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەن. شۇڭا بۇ خىل چىرىشتىن ساقلاش

دورىسى بەدەندىكى بارلىق ئەزالارنى مۇكەممەل ساقلاپ قالالىغان. جەسەتنى يېرىپ تەكشۈرگەندە، ئۆلگۈچىنىڭ مېڭە پەردىسىدىكى قان تومۇرلارنىڭ ناھايىتى روشەن ئىكەنلىكى بايقالغان، 12 جۈپ مېڭە نېرۋىلىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. بەدەن ئىچىدىكى ئاقسىل، ماي، شېكەر قاتارلىق ماددىلارمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلىنىپ قالغان؛ قان تىپىنى تەكشۈرگەندە AB تىپلىق چىققان. ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا ئۆت ياللۇغى، ئۆتكە تاش يىغىلىپ قېلىش، كۆكرەك پەردە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولغانلىقى ئېنىقلانغان، ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدىن يەنە قان شورىغۇچى قۇرت، تۈكباش قۇرت، تامچا قۇرت قاتارلىق پارازىت قۇرتلارنىڭ تۇخۇملىرى بايقالغان. بۇ قەدىمكى جەسەتنىڭ 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت مۇشۇنداق مۇكەممەل تۇرغانلىقىدىن، بۇ چىرىتمەس ساقلاش دورىسىنىڭ ئالاھىدە ئۈنۈمدارلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ۋۇجى ئىسىملىك مۇناخىنىڭ «تېنى» نى دۇنياغا مەشھۇر مومىيا بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. قەدىمكى مىسىرلىقلار تۇز، پۇراقلىق ماتېرىيال، مايلىق مەلھەم قاتارلىقلار بىلەن جەسەتنى بىر تەرەپ قىلغان، بىراق جەسەتنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى پۈتۈنلەي ئېلىۋەتكەن ھەمدە ھىم ئېتىۋېتىلگەن قەبرە ئىچىدىلا مۇكەممەل ساقلىيالىغان. ۋۇجى ئىسىملىك مۇناخىنىڭ «تېنى» دىكى بارلىق ئورگانىزملار پۈتۈنلەي مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق «مۇناخ» نىڭ ئېغىز ۋە سۆڭىكىنىڭ ھىم ئېتىۋېتىلگەنلىكى، قورساق قىسمىنىڭ ئىچى بولغانمىغانلىقى، مۇسكۇللىرىغا چىرىتمەس ساقلاش دورىلىرى سىڭىپ كەتكەنلىكى بايقالغان. بۇ دورىلار «تەن» نى ھاۋادا

مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتقىچە چىرىتمەي ساقلاپ قالغان. بۇنى راستىنلا بىر مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ. مەيلى چىرىتمەس ساقلاش دورىسىنىڭ ئۈنۈمدارى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى ياكى جەسەتنى مۇكەممەل ساقلاش ئۈنۈمى بولسۇن، «تەن» مومياغا قارىغاندا ناھايىتى مۇكەممەل تۇرغان.

**يېڭى تەتقىقات تېمىسى — دورا ئۆسۈملۈكلىرى چىرىتمەس ساقلاش دورىسى تەتقىقاتى**

قەدىمكى زاماندىكى بۇ ئىككى جەسەتنى مۇكەممەل ساقلاشتا، زامانىۋى خىمىيىۋى چىرىتمەس ساقلاش دورىلىرى ئىشلىتىلمىگەن، ئەلۋەتتە. چۈنكى، بۇنىڭدىن بىر-ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرى خىمىيىۋى چىرىتمەس ساقلاش دورىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ چاغدا ئىشلىتىلگىنى دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن ياسالغان چىرىتمەس ساقلاش دورىسى. ئۇنداقتا بۇنداق دورا قانداق ماتېرىياللاردىن ياسالغان؟ ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ چىرىتمەس ساقلاش دورىسى قانداق تەييارلانغانلىقى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلمىغان.

چىرىتمەس ساقلىنىش دورىسىنىڭ پەن-تېخنىكا، سانائەت، تىببىي-دورىگەرلىك ئىلمى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىشلىتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. شۇڭا، بىز پەن-تېخنىكا خىزمەتچىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چىرىتمەس ساقلاش دورىسى ياساشنى تەتقىق قىلىشقا ئۈندەيمىز، بۇنداق چىرىتمەس ساقلاش دورىسىنىڭ خام ئەشياسى ۋە ياساش ئۇسۇلىنى تېزراق تېپىپ چىقىپ، ئۇنى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز، دۇنيانىڭ چىرىتمەس ساقلاش دورىلىرىنى ياخشىلاش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

# بېجىرىم ساقلانغان مىسىر موميالىرى

يېقىندا، ئامېرىكا كولورادو داشۆسى ساقلىقنى ساقلاش ئىلمى مەركىزىنىڭ مۇدىرى ئېدۋارد ھېندرىك بۇ مەركەز بىلەن دانۋېر ئىلىم-پەن مۇزېيىدىكى ئالىملار موميانى ئېلېكترون مېڭە ئارقىلىق «تەكشۈرۈپ» مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، دېگەن.

بۇ ئىككى موميا ئايالنىڭ جەسىتى بولۇپ (قەدىمكى مىسىرنىڭ 19-ياكى 20-سۇلالىسى دەۋرىدە، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1300-يىلدىن 1090-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغان.) ئۇنى ئامېرىكا پۇېبلو شەھىرىدىكى روسمېنتو ۋېكتورىيە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلاش سارىيى ساقلىغان. ئالىملار ئاناتومىيىلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا، ستېرېئو ئېلېكترون مېڭىلىك ئاناتومىيە ئاپپاراتى (CT)-دىن پايدىلىنىپ، ئىككى موميا ئۈستىدە تەسۋىر يېيىش ئارقىلىق ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈشكە بولىدىغان سۈرەتكە ئېرىشىپ، ئۇسكىلىت، تېرە، ئادەم تېنىنىڭ ئېنىق كۆرۈنۈشى ۋە جەسەتنى ئورىغان كەندىر رەختنىڭ قاتلاقلىرىنى بايقىغان.

ئىلگىرى، ئالىملار موميانى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، جەسەتنى ئورىغان رەختنى ئېچىۋېتىشكە، ھەتتا موميانىڭ پۇت-قوللىرىنى يېرىپ تەكشۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى. ئەمدى، بۇنداق «دەخلى» تەرۈزسىز تەكشۈرۈش» ئالىملارنى نۇرغۇن ئاساسلىق مەلۇماتلارغا ئېرىشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مومياغا قىلچە تەسىر يەتكۈزمەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى.

موميا CT ئارقىلىق تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن دانۋېر مۇزېيىدىكى ئىنسانشۇناس بوبو پىكرىن مۇنداق خۇلاسە چىقاردى: ئىككى موميا ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تەبىقىگە مەنسۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى قاتلام ئىجتىمائىي تەبىقىگە مەنسۇپ بولۇشى، ئۆلگەن چاغدىكى ياش-قۇرامى تەخمىنەن 25 — 35 ئارىلىقىدا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ ئورىلىشى پۇختا، پۇت-قوللىرى ئايرىم-ئايرىم تېڭىلغان، كەندىر رەخت ئىچىگە تىلتۇمار ۋە بىرقانچە قۇر ئۇنچە-مەرۋايىت سېلىپ قويۇلغان، ئۇنىڭ مېڭە توقۇلمىلىرى كېسىپ ئېلىۋېتىلگەن، باشقا ئىچكى ئەزالىرى چىرىمەيدىغان قىلىنغاندىن كېيىن، قايتا ئىچىگە سېلىپ قويۇلغان. موميانىڭ يەنە بىرى تۆۋەن قاتلام ئىجتىمائىي تەبىقىگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن، ئۇ چىرىشكە باشلىغاندىن كېيىن ئاندىن چىرىمەيدىغان قىلىنغان، مېڭە توقۇلمىلىرى كېسىپ ئېلىۋېتىلمىگەن، باشقا ئەزالىرىمۇ ئايرىم بىر تەرەپ قىلىنمىغان، ئورىغان رەخت بىرقەدەر نېپىز، ئۇ تەخمىنەن 35 — 45 ياش ئارىلىقىدا ئۆلۈپ كەتكەن.

تەتقىقاتچىلار تەسۋىرى سۈرەت ئارقىلىق، قەدىمكى مىسىرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قاتلاملار ئوتتۇرىسىكى پەرقنى چۈشىنىپ، شۇ ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قاتلام-تەبىقىلەرنىڭ ئايرىلىشى ھازىرقىدىن پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى دەلىللىگەن.

ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى سۈرەت ئالىملارنى نۇرغۇن مەلۇمات بىلەن تەمىن ئەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى بېكىتىشكە يەنىلا ئامالسىز. چۈشۈنۈكسىز يېرى شۇكى، بىرقەدەر يۇقىرى ئىجتىمائىي تەبىقىگە مەنسۇپ بولغان موميا مەرمەردىن ياسالغان جەسەت ساندۇقىغا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى جەسەت ساندۇقىغا سېلىنغان. جەسەت ساندۇقى تاختىيىدىكى تەسۋىرىي يېزىق بۇ جەسەت ساندۇقىنىڭ «مۇسا» ئىسىملىك ئاددىي بىر ئەركەكنىڭ ئىگىدارلىقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدىكى ماقالىلەرنى مۇسا روزى
تەرجىمە قىلدى

# 460 يىل ۋە تارىخىي بۇرچىمىز

مەتىمىن يۈسۈپ

ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي رەئىسى

ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ئۇستازى، مۇقامشۇناس، شائىر ئامانىساخان تۇغۇلغانلىقىنىڭ 460 يىللىقىنى خاتىرىلەش تەنتەنىسى ئىچىدە ش ئۇ ئا ر 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى ئىككى چوڭ ئىش قىلدى.

بىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك دولان مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى دولان مۇقامىنىڭ بۆشۈكى بولغان مەكىت ناھىيىسىدە ئاچتى. ئەمگەكچان، سەنئەتكار، مېھماندوست دولان خەلقى بەش كۈن داۋام قىلغان بۇ يىغىنىمىزنى تولىمۇ قىزغىن قوللىدى، ئالقىشلىدى. دولان خەلقىنىڭ مۇنداق ئالىيجاناب روھى يىغىنغا قاتناشقان ئالىم-تەتقىقاتچىلىرىمىزدا ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇردى.

يىغىنىمىزغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەر خىل ئىلمىي پائالىيەت ۋە ئىجادىي تۆھپىلىرى بىلەن داڭ چىقارغان 74 نەپەر ئالىم-مۇتەخەسسىس، مۇقامشۇناس ۋە مەدەنىيەت-سەنئەت تەشكىلاتچىلىرى قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان ۋە ئىلمىي كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلار ئىچىدە 70 ياشتىن ئېشىپ كەتكەن ھۆرمەت ئىگىلىرىمۇ، شۇنداقلا ئەمدىلا 20 ياشتىن ئاشقان ئۈمىدلىك ياش تەتقىقاتچىلىرىمىزمۇ بار. بۇ ھال بىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات قوشۇنىمىزنىڭ ياشلىنىشۋاتقانلىقىنى، كېڭىيىۋاتقانلىقىنى، ھەرگىزمۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى ۋە بىزنى چەكسىز سۆيۈندۈردى.

بۇ قېتىمقى يىغىن ھەقىقەتەنمۇ ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ، ئىلمىي دېموكراتىيىنىڭ يېڭىچە ئۆلگىسى تىكلەنگەن ئىلمىي يىغىن بولدى. يىغىندا، ئىلمىيلىككە، تارىخىي ئوبيېكتىپلىققا، رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە 38 پارچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇلۇپ، مۇتەخەسسىسلەر ئۆزگىچە قاراشلىرىنى كەڭ-كۇشادە ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇھاكىمە قىلىشتى. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىلدى. مەسىلەن: يانتاق يېزىسىدىكى ئون مىڭ كىشىلىك دولان مۇقام پائالىيىتىدە دولان مۇقامىنىڭ دولان خەلقى ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەممە تەرىپىگە سىڭىپ مۇجەسسەملىشىپ كەتكەنلىكىدەك ئەمەلىيەت يەتتە تۇر بويىچە يۇقىرى سەنئەت ماھارىتى بىلەن كۆرسىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى بىلىم-چۈشەنچىلىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇتۇقلىرىدىن بىرى شۇكى، ئامانىسا — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك مۇقامشۇناس، شائىر قىزى، ئۇنىڭ بالىلىق ھاياتى سەئىدىيە خانلىقىغا قاراشلىق دولان يېزىلىرىدا ئۆتكەن بولسا، 20 يىللىق ھاياتى سەئىدىيە خانلىق ئوردىسىدا ئۆتكەن. ئۇنىڭ يۇرتى توغرىسىدا بۇ قېتىم يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار ئاساسىدا پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىندى.

يەنە بىرى، دولان مۇقامى ۋە ھەرقايسى يەرلىك مۇقاملارنىڭ ئۇيغۇر 12 مۇقامى بىلەن بولغان مىلودىيىلىك مۇناسىۋەت سىستېمىسىنىڭ ئىلمىيلىكى، تارىخىي ئوبيېكتىپلىقى، رېئاللىقلىقى

uyghurkitap.com



توغرىسىدا ئەتراپلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىندى ۋە دۆلەتنىڭ ئىچى سىرتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار كونكرېت مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دولان مۇقامى ۋە ھەرقايسى يەرلىك مۇقاملار ئۇيغۇر 12 مۇقامىدىن ئىبارەت كلاسسىك مۇزىكا مىراسلىرىمىزنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. شۇڭا ھەرقايسى جايلاردىكى مۇقاملارنىڭ يەرلىك شىۋە، ئۇسلۇبىنىڭ شۇ يەردىكى ئۆرپ-ئادەت، ئىجتىمائىي تەرەققىيات بىلەن مۇجەسسەملىشىپ كەتكەن ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋارىيانتىنى ھۆرمەت بىلەن ئېتىراپ قىلىش لازىم، دەپ قارالدى. چۈنكى بۇ مۇقاملارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاقلىق ئاساسىي گەۋدە بولىدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزمغا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي ئوبيېكتىپلىقىغا ھۆرمەت قىلىپ، شۇ تارىخىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئەينەن بويىچە گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. 12 مۇقامنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان يەرلىك مۇقاملارنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىي بىرلىكى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش كېرەك. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى خەزىنىسىگە تىزىپ تۇرۇپ تەھلىل قىلىش لازىم.

دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىي مىراسلىرىغا ئالدى بىلەن ۋارىسلىق قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنى ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. تارىخىي مىراسلارنى ياساپ كۆپەيتىپ ياكى ئازايتىپ ياكى بۇزۇپ تاشلاش.

مۇقام ئۇستازى ئاماننىساخان تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە بولغان 460 يىلدىن بېرى، ئۇيغۇر خەلقى مۇقاملارنى «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» نامى بىلەن ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈرۈپ ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر، داھىيلار، جامائەت ئەربابلىرى، ئاتاغلىق مۇزىكا، سەنئەت ئىنستىتوتلىرى ئۇيغۇر 12 مۇقامى ئۆز تارىخىي ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەھمىيەتلىك دەپ تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن:

قەدىردان جۇ زۇڭلى 1962-يىلى ئۈرۈمچى يەڭئەن مېھمانخانىسىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 12 مۇقامى بار، شىنجاڭنىڭ سەنئىتىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش كېرەك، دېگەن.

ئاكادېمىك گومورو، جامائەت ئەربابى، شائىر، يازغۇچى ماۋدۇن، مەدەنىيەت ئەربابى شايەنلەرمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 12 مۇقامى تارىختا بولسۇن، ھازىر بولسۇن جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىدىكى قىممەتلىك بايلىق، دېگەن. بېيجىڭ، شاڭخەي، شىئەن، لەنجۇ، يەنبيەن قاتارلىق سەنئەت ئىنستىتۇتلىرىنىڭ دەرسلىكلىرىدە ئۇيغۇر 12 مۇقامى توغرىسىدا ئالاھىدە توختالغان.

بىز كۆرگەن لېنىنگرات ئېرمۇتاژ خەلقئارا مۇزېيىنىڭ شەرق-ئوتتۇرا ئاسىيا بۆلۈمى توغرىسىدىكى بىر ئىزاھاتتا: «ئۇيغۇرلارنىڭ 12 مۇقامى شەرق سەنئەت مۇزىكا تارىخىدىكى بىر مۆجىزىدۇر» دېيىلگەن. گېرمانىيە ھامبۇرگ داشۆسىنىڭ شەرقشۇناس پىرافېسسورى ئانىنا بۇرۇژگەرنىڭ بىزگە تەقدىم قىلغان توققۇز ماددىلىق ئىلمىي تەتقىقات پىلانىنىڭ ئىككىنچى ماددىسىدا، ئۇيغۇر 12 مۇقامى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىغا دائىر خېلى تەپسىلىي مۇندەرىجىلەر كۆرسىتىلگەن.

ئامېرىكىنىڭ سانتا باربارا شەھىرىدە شەرق مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر ئېچىلغان خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا: نيۇيورك داشۆسىنىڭ شەرقشۇناس پىرافېسسورى نېكراس فوففى، ۋاشىنگتون داشۆسىنىڭ شەرقشۇناس پىرافېسسورى سىرتاۋتاسلار: «ئۇيغۇرلارنىڭ 12 مۇقامى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتى بىزنىڭ تەتقىقات كۆز قارىشىمىز بويىچە ئېيتقاندا، شەرقتىن چىققان چولپان يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ» دېگەن.

ئۇكرائىنا دۆلەتلىك بوكوۋ ئاكادېمىيە تىياتىرىنىڭ باشلىقى پىرافېسسور ۋاتوۋسكى: «ئاسىيا ۋە ياۋروپادا قەدىمىي سەنئەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ كەلگەن ئىككى سەنئەت بار. بىرى ئۇكرائىنا مىللىتىنىڭ سەنئىتى، يەنە بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ 12 مۇقامى. دۇنيادا ھېچقانداق مىللەتنىڭ بۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان 12 مۇقامى يوق. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ 12 مۇقامىنى

مىللىتىمىزنىڭ « دومباس » مۇقامىغا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىۋاتىمىز » دېدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت كومىسسارى لى تېيىڭ: « ئۇيغۇر 12 مۇقامى جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىباھا گۆھەر، بۇنى قېزىش، رەتلەش، نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بۇرچى. » دېدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ پەرزەنتى ئەخمەتجان قاسىمى 1947 - يىلى 8 - ئايدا ئىلى تاتار مەكتەپ كولۇبىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇشائىرە يىغىنىدا : مىللىتىمىزنىڭ 12 مۇقامى ئاساسىدىكى ئەدەبىيات - سەنئىتى تۈگىمەس بايلىقتۇر دېگەنىدى.

قىسقىسى، بۇ قېتىمقى دولان مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر، مۇقامشۇناسلار دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى تارىخىي ۋە رېئال پاكىتلار ئاساسىدا ئەترابلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى يۇقىرى ماھارەت، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇقاملارنىڭ ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىردەك تونۇش ھاسىل قىلدى.

2. دولان غاچكۆل يېزىسىدا تۇرغۇزۇلغان 12 مۇقام ئۇستازى ئامانىنساخان بالىلىق دەۋرىدىكى ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمىغا نەچچە مىڭ كىشى قاتناشتى. پىئونېرلار ئەترىتى ھەيكەل ئالدىدا ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ئىشلەنگەن 12 كىتابنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، 12 مۇقامغا، 12 كىتابقا ئامانىنساخانغا مەدھىيە دېكلاماتسىيىسى ئوقۇپ، مەيداننى زىل - زىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن يىغىنغا قاتناشقان ھەر مىللەت ئالىم - مۇتەخەسسىس، مۇقامشۇناس، جامائەت ئەربابلىرى، دولان مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمىسىگە بىرلەشتۈرۈپ تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە 12 كىتاب توغرىسىدىكى ئىلمىي كۆزقاراشلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە :

ئىلمىيلىككە، تارىخىي ئوبيېكتىپلىققا، كلاسسىك بەدىئىيلىككە، دېموكراتىك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە 12 مۇقام تېكىستلىرىنىڭ يېڭىدىن رەتلەنگەن ئىلمىي سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭغا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان 28 نەپەر ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ نادىر نەزمىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ 12 كىتاپ ئارقىلىق 12 مۇقام تېكىستلىرى بىلەن خەلقئارا نوتىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرنەچچە مەسىلە توغرا ھەل قىلىندى.

**بىرىنچى، تېكىست تەكرارلىقى ھەل قىلىندى.** كونا تېكىستلەردە بىر مەسىلە بولۇپ، پەقەت 31 نەغمىدىلا ئارتۇقچە تەكرارلانغان شېئىرلار 802 مىسرا، بۇ پۈتۈن مۇقام تېكىستلىرى سانىنىڭ ئۈچتەن بىرىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ قېتىمقى 12 كىتابتا ھەرقانداق ئېسىل شېئىر پەقەت بىر نەغمىدىلا ئوقۇلىدۇ، قەتئىي تەكرارلانمايدۇ.

**ئىككىنچى، ساغلام بولمىغان تېكىستلەر، چۈشىنىكسىز تېكىستلەر بىر تەرەپ قىلىندى.** بەزى پىر ئەۋلىيالارنى مەدھىيىلەيدىغان تەركىي دۇنيالىق، ئۈمۈدسىزلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان يىغلاڭغۇ شېئىرلار ئورنىغا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات ۋەكىللىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، ئىنسانىي مۇھەببەتنى، سېخىي مەردانىلىكنى، پاك - دىيانەتلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان 98 پارچە ياخشى غەزەللىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. پەقەت چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئوچۇقلاشتۇرۇشقىمۇ ئىمكان بولمايدىغان شېئىرلار ئورنىغا يەنە شۇ كلاسسىكلىرىمىزنىڭ چۈشىنىشلىك شېئىرلىرى ياكى خەلق داستان قوشاقلىرىنىڭ نادىر تاللانمىلىرى كىرگۈزۈلدى.

**ئۈچىنچى، تېكىست تىلىدىكى بەزى مەسىلىلەر تۈزىتىلدى.** ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، ئورغۇن سۆزلەر خاتا ئوقۇلۇپ ئېيتىلىپ كەلگەن. مەزمۇنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن، شېئىرنىڭ ۋەزنى بۇزۇۋېتىلگەن سۆزلەردىن 200 دىن كۆپرەك سۆز تۈزىتىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

**تۆتىنچى، تېكىست ئاپتورلىرىنى ئالماشتۇرۇۋېتىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.** مۇقام تېكىستلىرى ئىچىدە، ئازغىنا كام 200 مىسرا شېئىرنىڭ ئىگىسى يوق. بىرمۇنچە شېئىر-قوشاقلارنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن.

بۇ قېتىم ئىشلىگەن 12 كىتابتا مۇنداق قالايمىقانچىلىق يوق.

**بەشىنچى، مۇزىكا بىلەن تېكىست، مەزمۇن بىلەن شەكىل ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز-ئارا ماسلاشماسلىق تۈگىتىلدى.** ھەرقايسى مۇقاملارنىڭ مەشرەپ ئاھاڭلىرى ئىنتايىن شوخ، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ بولسىمۇ بەزىلىرىگە ئىنتايىن مۇڭلۇق تېكىست سېلىنىپ قالغان. نەتىجىدە «مېنىڭدەك بىناۋا يىغلار، بەختى قارا يىغلار»، «ئىككى كۆزۈم قان يىغلىدى» دەپ ناخشا ئېيتىپ تۇرۇپ، ئاجايىپ شادلىق بەختىيارلىق ئۇسۇلى ئوينايدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىققان. بۇ ھەقتە چەت ئەللىك بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭمۇ پىكرى تۇغۇلغان. يۇقارقىدەك مەزمۇن بىلەن ئاھاڭ، ئۇسۇل ماسلاشمايدىغان تېكىستلەر ئالماشتۇرۇلدى. ئاھاڭ بىلەن تېكىست (شەكىل بىلەن مەزمۇن) ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىلمىي سىستېمىغا چۈشۈرۈش تۈنجى قېتىملىق ئىش، يەنە داۋاملىق تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

**ئالتىنچى، تېكىستلەر ئوچۇقلاشتۇرۇلدى** 12 مۇقام تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئوچۇقلاشتۇرۇش تولىمۇ جاپالىق ئىلمىي ئەمگەك. بىز مۇقام تېكىستلىرى ئىچىدىكى قەدىمىي ئۇيغۇرچە ياكى ئۆزلەشمىگەن ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنىڭ بىر قىسمىنى شۇ مىسرا كۇبلېتىنىڭ ئەينەن مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، شۇ ۋەزىن ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىش، مۇقامنىڭ شۇ ئاھاڭ مۇزىكا كۈيىگە جەزمەن چۈشىدىغان بولۇشتەك ئالدىنقى ئۈچ شەرت ئاستىدا ئوچۇقلاشتۇردۇق. (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ياكى ئۆزلىشىپ كەتكەن ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرگە ئالماشتۇردۇق). بۇنداق قىلىش مۇقامنى ئامموۋىلاشتۇرىدۇ، مۇقام سەنئىتى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئازغىنە كەم 3 مىڭ مىسرادىن تەشكىل تاپقان مۇقام تېكىستلىرى ئىچىدە بىزنىڭ ئوچۇقلاشتۇرغىنىمىز 350 سۆز، ناۋايى شېئىرلىرىدىن مۇقامغا كىرگۈزۈلگىنى 375 مىسرا بولۇپ، ئوچۇقلاشتۇرغىنى 70 سۆز. لېكىن مەزمۇندا قىلچە ئۆزگىرىش يوق، شېئىرنىڭ ۋەزىن بەھرىدىمۇ شۇنداق.

ناۋايى غەزەللىرىدىن بىزنىڭ ئوچۇقلاشتۇرغىنىمىز مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ نەشرگە تەييارلىغان «ئەلىشىر ناۋايى — غەزەللەر» كىتابىنىڭ نەسرى يەشمىسىنىڭ مەزمۇنى بىلەن تامامەن ئوخشاش. ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، زەلىلى، مومىنام، نىزارى، قەلەندەر قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوچۇقلاشتۇرغىنىمىز بولسا، شىنجاڭدىكى داڭلىق ئۇيغۇر ئالىملىرى تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» كىتابىنىڭ نەسرى يەشمىسىنىڭ مەزمۇنى بىلەن تامامەن بىردەك.

**يەتتىنچى، بىزنىڭ شۇغۇللانغىنىمىز مەخسۇس كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئەمەس، تىل ياكى مەخسۇس تارىخ تەتقىقاتىمۇ ئەمەس، بەلكى كلاسسىك خەلق مۇزىكىسى تەتقىقاتى، ئۇنىڭ تېكىستلىرى تەتقىقاتىدۇر.** تېكىستلوگىيە ئىلمى — ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەخسۇس پەن. بۇ پەن تېكىست تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، مۇقام، ئاھاڭ، مۇزىكا كۈيلىرى بىلەن تېكىست ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدۇ، زىددىيەت قارىمۇ قارشىلىقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

3 مىڭ مىسرا تېكىست ئىچىدىكى 300 دىن ئوشۇقراق سۆزنى ئوچۇقلاشتۇرغىنىمىز كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىمىز ئەمەس، بەلكى مۇقام تېكىستلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى. بۇ — سەنئەت ۋە تېكىستلوگىيە قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن.

خەلقىمىز ئۆز بوۋىلىرىدىن قالغان تەۋرۈك مىراستىن بەھرىمەن بولۇشنى خالايدۇ.

تۆھپىكار بوۋىلىرىنىڭ نەچچە ئەسىر ئالدىدىكى سۆزىنىڭ مەزمۇن مەنىسىنى بۈگۈنكى تىل بىلەن چۈشىنىپ، ھوزۇرلىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. نۇرغۇنلىغان بىلىم ئەھلىلىرىمۇ بۇ ھەقتە پىكىر بايان قىلىپ كەلگەن. بىز ئۇچۇقلاشتۇرۇپ بەرمىسەك خاتا چۈشىنىۋېلىش ئاياقلاشمايدۇ. ئەمما، بىزنىڭ قىلغىنىمىز ئىلمىي تەتقىقات يولىدا، تېكىستولوگىيە تەتقىقاتىدا تاشلانغان غەلىبىلىك بىر قەدەم. يەنە داۋاملىق تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

سەككىزىنچى، 12 كىتابىمىزدىكى 12 مۇقامنىڭ بۇ قېتىم ئىشلەنگەن خەلقئارالىق نوتىسى بېيجىڭ مۇزىكا سەنئەت ئاكادېمىيىسى قاتارلىق بەش تەتقىقات ئورۇنىنىڭ ھەر مىللەت ئالىم-مۇتەخەسسىلىرى ۋە خەلقئاراغا تونۇلغان كومپوزىتورلارنىڭ ئىلمىي تېخنىكا جەھەتتىن تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. شۇڭا بۇ كىتابتىكى مۇقام نوتىلىرىنى ھەرقايسى مىللەتنىڭ ھەرقانداق دۆلەتنىڭ كومپوزىتورلىرى قولىغا ئېلىپ چالسا، مۇقام ئاھاڭ — شىۋە سادالىرى تولۇق ئەكس ئېتىدۇ.

مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىي مىراسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ مۇقەددەس كىتابنىڭ مۇشۇنداق ئىلمىي سىستېما بويىچە بارلىققا كېلىشىگە ئىلمىي جەمئىيىتىمىزدىكى ئالىم-مۇتەخەسسىلەر ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ئىشلەنگەن 12 كىتابنىڭ بىرلا ۋاقىتتا دۇنياغا كېلىشى جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىغا شۇنداقلا شەرق مەدەنىيەت تارىخىغا قوشۇلغان زور ئىلمىي تۆھپىدۇر.

12 مۇقام، دولان مۇقامى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخ دېمەكتۇر. ئۇ — ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەلسەپەسىنى، لوگىكىسىنى، ئېتنوگرافىيىسىنى، پسىخولوگىيىسىنى، ماددىي-مەنىۋى جەھەتتىكى ئىجتىمائىي كۈرەش تارىخىنى ئەدەبىي ئۇسلۇب ۋە ھەر خىل سەنئەت شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. شۇڭا بىز 12 مۇقام، دولان مۇقامى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى قېزىش، رەتلەش، نەشىر قىلىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ شانلىق مىراسىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇش ئارقىلىق، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا شان-شەرەپ كەلتۈرىمىز.

بىزنىڭ ئىرادىمىز ئىككى ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ بەش يىللىق بەش چوڭ تەتقىقات پىلانىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن، ئەستايىدىللىق بىلەن خىزمەت قىلىش، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا 20 نەچچە پارچە كىتاب تەقدىم قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

مۇشۇنداق پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى مەقسەت مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق كۈچەيتىش ئۈچۈندۇر.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «خەلق ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىش ھەممىنىڭ ئورتاق بۇرچىدۇر» دېگەنىدى. بۇ سۆز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋىي پەزىلىتىنىڭ يەكۈنىدۇر.

12 مۇقام، دولان مۇقام تەتقىقاتىنىڭ داۋاملىق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىشى ئۈچۈن، بەش چوڭ تەتقىقات پىلانىمىزنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىشىنى. ئامانىساخان تۇغۇلغانلىقىنىڭ 460 يىللىقىنى خاتىرىلەش تەنتەنىسى ئىچىدە ئېچىلغان تۇنجى قېتىملىق دولان مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان بارلىق ئالىم-مۇتەخەسسىس، مۇقامشۇناس، كومپوزىتورلار زور ئۈمىد بىلەن تەلەپ قىلىشتى. بۇ ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ئورتاق تارىخىي بۇرچىمىزدۇر.

# ئىلمىي ئەمگەك، تارىخىي تۆھپە

غولام ئەبەيدۇللا

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى قانۇنىي رەسمىيەت ئارقىلىق قۇرۇلغان ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن-مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈپ، نۇرغۇن ئاممىۋى ۋە ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇ يىل 4-ئايدا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ خەلقئارالىق نوتىسى، يېڭىدىن رەتلىنىپ ئۇچۇقلاشتۇرۇلغان تېكىستلىرى ۋە ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى بىرلەشتۈرۈلگەن ئون ئىككى كىتابنىڭ نەشر قىلىنىپ، بىرلا ۋاقىتتا تارقىتىلىشى — بۇ ئىككى ئىلمىي جەمئىيەت ياراتقان زور ئىلمىي ئەمگەك، ئۆچمەس تارىخىي تۆھپە ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى مەدەنىيەتلىك ئەجدادلىرىمىز ئەقىل پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، تارىخنىڭ مەھسۇلى. ئۇ تارىختىكى ئوخشاشمىغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتا، خەلقىمىزنىڭ كۆپ ئەسىرلىك مۇزىكا ھاياتىدا، ئۆزىگە خاس تەرەققىيات جەريانىدىكى ئىجادىيەت جۇغلانمىسى ئارقىلىق ئىلغار تەسىرلەرنى قوبۇل قىلىپ، تەدرىجىي بارلىققا كەلگەن. تەخمىنەن 4-ئەسىردە مەملىكىتىمىزگە يۈزلەنگەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىدىمۇ خېلى تەسىرگە ئىگە بولغان. سەئىدىيە خانلىقى (1513 — 1678) دەۋرىدە ھەربىر مۇقام چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىملىق بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە، بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ئەندىزىگە ئىگە ئون ئىككى مۇقام بولۇپ قېلىپلاشتۇرۇلغان. 16-ئەسىردىن كېيىن قىسمەن دائىرىدە رەتلىنىپ، ئورۇنلىنىپ كەلگەن. لېكىن پىشقەدەم سەنئەتكارلارنىڭ تەبىئىي ئازىيىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان. ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ئاستىدا، قېزىش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى قۇتقۇزۇپ قېلىندى. 50-يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مۇقام ئۇستازى مەرھۇم تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئىلگىرى-ئاخىر ئىككى قېتىم ئورۇنلاپ، زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق ئون ئىككى مۇقام سىمغا ئېلىنىپ، ئاددىي نوتىسى ئىشلەندى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى بىر-بىرلەپ لېنتىغا ئېلىندى، مۇقام ئۈن-سىن بۇيۇملىرى ۋە مۇقام تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلەر نەشر قىلىندى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇقام نومۇرلىرى قىزغىن ئالقىشقا ۋە يۇقىرى باھاغا ئېرىشىپ، دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزغا شان-شەرەپ كەلتۈردى. خەلقئارالىق، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىلىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقاتىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن كىتابنىڭ ئۆلچەملىك ۋە سۈپەتلىك نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ نامى، نەغمىسى، تېكىستى، ھەتتا لېنتىسى بولسىمۇ، لېكىن خەلقئارالىق نوتىسى ۋە پايدىلىنىش قوللانمىسى بولماسلىقتەك ھالەتكە خاتىمە بېرىلدى. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى مىللىي مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىغا ئاساس سالغۇچى ئانا سەنئەت بولۇش سۈپىتى بىلەن يازما

ئاساسقا ۋە ئىلمىي سىستېمىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى نامايەن قىلدى. بۇ زور ئىلمىي ئەمگەكنىڭ تارىخى ۋە رېئال ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپلەردىن ئېنىق چۈشىنىشكە بولىدۇ.

1. مۇقام تارقاق ھالەتتىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ۋارىئانتلىرى تارقىلىپ، ھەر خىل نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. مۇقام ئۇستازى مەرھۇم تۇردى ئاخۇن ئاكا ئورۇنلىغان ئون ئىككى مۇقام 16-ئەسىردە قېلىپلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ داۋامى بولۇپ، تارىختا قەشقەر مۇقاملىرى دەپ ئاتالغان. ئىلى مۇقاملىرى بولسا، قەشقەر مۇقاملىرىنىڭ ۋارىئانتى بولۇپ، قەشقەردىن ئىلىغا، ئىلىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەتتە سۇ رايونىغا تارقالغان. ئاقسۇ ئاۋاتتىن ۋە مەكىت ناھىيىلىرىگىچە تارقالغان دولان مۇقاملىرى بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرى قەشقەر مۇقاملىرىنىڭ نەغمە تۈزۈلۈشىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ، لېكىن يەرلىك ئۇسلۇب، ئۇدار، رېتىم، مۇقام سانى ۋە ئاتىلىشى جەھەتتىن ئوخشاشمايدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلەردىن تاشقىرى، تېكىستلىرىمۇ خەلق ئەدەبىياتىنى ئاساس قىلغان. بۇ قېتىم تەتقىقات ئاساسىدا چوڭقۇر تەكشۈرۈش ۋە يۇقىرى ئۆلچەملىك سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يەرلىك مۇقاملارنىڭ قەشقەر مۇقاملىرى بىلەن يىلتىزى بىر، مەزمۇنى ۋە شەكلى ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ، يەرلىك مۇقاملار قەشقەر مۇقاملىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ قارالدى. شۇنىڭدەك ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تارىخىي نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ رەت تەرتىپى ۋە نامى ئىلگىرىكىسى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى يەرلىك مۇقاملاردىن پەرقلەندۈرۈلگەن، ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان دەۋر سۈرۈپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئاشۇ جايلاردىكى باشقا مۇقاملار بىلەن تارىخىي چەك-چېگرىسى ئايرىلغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلمىيلىكىگە؛ تارىخىي ئوبيېكتىپلىقىغا، كلاسسىك يەدىئىيلىكىگە ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، ئۇنىڭ دۇنيا سەھنىسىگە يۈرۈش قىلالايدىغان ئىلمىي سىستېمىسى بارلىققا كەلگەن.

2. مۇقام نەغمىلىرى تولۇق رەتلىنىپ، تېكىستى كۆپەيتىلگەن ۋە ئوچۇقلاشتۇرۇلغان. تارىخىي ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شۇنىڭدەك بىرنەچچە ئەۋلاد سەنئەتكارلىرىمىز مۇقام نەغمىلىرىنى نوتىسىز ئورۇنلاپ، تېكىستلىرىنى ياد ئوقۇشقا ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بەزى نەغمىلىرى تەدرىجىي ئۇنتۇلغان، ئالمىشىپ قالغان ياكى قىسقىراپ كەتكەن. خەلقىنىڭ جانلىق تىلىدىن ئايرىلغان چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاساسىدىكى مۇقام تېكىستلىرىنىڭ بەزىلىرى تىل جەھەتتىن كونىرىغان، تاشلىنىپ قالغان ياكى بۇزۇلغانلىقتىن، مۇزىكا رېتىمىغا دېگەندەك چىپسىلاشمايدىغان بولۇپ قالغان. ھەتتا مۇقام ئورۇنلىغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچىلار چۈشەنمەيدىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە-پارسچە ۋە پاسىلداش سۆزلەرمۇ ساقلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، مۇقام ئۇستازى مەرھۇم تۇردى ئاخۇن ئاكا ئورۇنلىغان ئون ئىككى مۇقام 245 نەغمە، 482 مىسرا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە تېكىستسىز نەغمىلەردىن باشقا، تېكىست ئىچىدىكى چۈشىنىكسىز سۆزلەر 500 گە يېقىن ئىكەن. بۇ قېتىم ئىلمىي تەتقىقات ئارقىلىق رەتلەنگەن ئون ئىككى مۇقام نەغمىسى 320 گە يەتكۈزۈلگەن، بۇ جەرياندا بەزى نەغمىلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ياكى تولۇقلانغان. مۇقام تېكىستلىرى 2990 مىسراغا يەتكۈزۈلۈپ، ئەسلىدىكى 345 مىسرا تېكىست ئوچۇقلاشتۇرۇلغاندىن تاشقىرى، ئاھاڭ-مۇزىكا تەقەززاسى بىلەن ئوچۇقلاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولمىغان 70 نەچچە سۆزلۈككە يېڭى نەشىر قىلىنغان

ھەربىر مۇقام كىتابى ئىچىدە بەت ئاستى ئىزاھات بېرىلگەن. ئەسلى مۇقام تېكىستلىرىدىن كۆپ ئورۇندا تەكرارلانغان مىسرالار، مەنبەسى ئېنىق بولمىغان ياكى ئىككى ئالمىشىپ قالغان، تەرمە مىسرالاردىن 162 مىسرا ئورنىغا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ۋە بېيىت-قوشاقلىرىدىن مەزمۇنى ئوخشاش، مېلودىيە قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولغان گۈزەل ۋە لىرىكىلىق خەلق ئەدەبىياتى تېكىستلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن، بۇ تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولۇپ، كۆپ خىل ئۆزگىرىشچان نەغمىلەر بىلەن گارمونىيە ھاسىل قىلىشمۇ تەبىئىي ھالدا ساقلاپ قېلىنغان. رەتلەش ۋە ئوچۇقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئون ئىككى مۇقام نەغمە-تېكىستلىرى مەزمۇن جەھەتتىن ئەسلىنى ساقلىغان ئاساستا يۈكسەلدۈرۈلگەن.

3. مۇقامنىڭ خەلقئارالىق نوتىسى، تېكىستى ۋە ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى نەشر قىلىنغان. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ خەلقئارالىق نوتىسى ئىشلەنگەندىن كېيىن، بېيجىڭ مۇزىكا سەنئەت ئاكادېمىيىسى قاتارلىق بەش تەتقىقات ئورنىدىكى 37 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ۋە خەلقئاراغا تونۇلغان كومپوزىتورلارنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن. نەتىجىدە، مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى ھەر مىللەت سەنئەتكارلىرى خالىغان مۇقام نوتىلىرىنى ئورۇنلىسا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئاھاڭ-شۇئېلىرى تولۇق ئەكس ئېتىپ، بەش سىزىقنى بويلاپ دۇنياغا يۈزلىنىشتەك تارىخىي پۇرسەتكە ئېرىشكەن. ئۇنىڭدا، ئاكوستىك مۇزىكا، چالغۇ مۇزىكىسى، بەدىئىي ئەدەبىيات، دراما، ئۇسسۇل شەكىللىرى مۇجەسسەم، لىرىكا بىلەن ئېپىكا بىرلەشتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ تارىختىن بۇيان يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى مەھسۇلى. ئۇ پۈتكۈل روھىي ماھىيىتىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇزىكىلىق ئىپادىسى بولۇپ، بەدىئىي جەھەتتە پاساھەتلىك، ۋەزنى يەڭگىل، ئېيتىشقا ئەپلىك بېيىت-قوشاق ۋە شېئىرلار بىلەن جانلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى تارىخىي رەتلەشتە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ ئاھاڭدار بەدىئىي شەكلى بولغان غەزەلنىڭ 18 خىل بەھرى بىلەن تۆرلۈك شېئىر شەكىللىرىگىمۇ مۇۋاپىق ئورۇن بېرىلىپ، يېڭى تۈسكە كىرگۈزۈلگەن. تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغىنى شۇكى، مۇقام تېكىستلىرىگە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان ۋە 19-ئەسىرگىچە ئۆتكەن 28 نەپەر كلاسسىك شائىرنىڭ نادىر نەزمىلىرى تاللانغان ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كلاسسىك نامايەندىلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان.

4. مۇقام نەغمە-تېكىستلىرىنى رەتلەش، ئوچۇقلاشتۇرۇش قىسمەن دائىرىدە ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىلغان. ئىككى ئىلمىي جەمئىيەت، جۇملىدىن تەھرىر ھەيئىتىدىكى ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر تەھلىل ۋە مۇھاكىمە قىلىشى، ئىزدىنىشىنى چىڭ تۇتۇپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئەسلى ترادىتسىيە (تەسىر) ۋە ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا، ئۇنىڭ نەغمە-تېكىستلىرىنى رەتلەش ۋە ئوچۇقلاشتۇرۇشنى قىسمەن دائىرىدە ئېلىپ بارغان. بۇ خىزمەت ئۈچ نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) مۇناسىۋەتلىك ئالىم-مۇتەخەسسىسلىرىمىزدە مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە، ئەل رايىغا، ئون ئىككى مۇقامنىڭ تارىخىي قەدرى ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسئۇلىيەت بولغان. ئۇلارمۇ مۇقام ئەۋلادلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك قىزغىن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇپ، قانچە قەدىمىي بولسا شۇنچە قىممەتلىك بولىدۇ، ۋارىسلىق قىلىشتىن مەقسەت يېڭىلىق يارىتىشقا ئاساس سېلىش ئۈچۈن دېگەن ئىلمىي قاراشتا بولغان. مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە دەۋر روھى بىلەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئەسلى ئۇسلۇبىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئاشۇرۇپ تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە

ئىگە قىلغان. قانداقتۇ «كونىدىن يېڭىنى يارىتىش، مېغىزىنى ئېلىۋېلىپ شاكىلىنى چۆرۈۋېتىش، شەكلى مىللىي مەزمۇنى سوتسىيالىستىك بولۇش» دېگەن پرىنسىپلارنى بىر تەرەپلىمە چۈشىنىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام نەغمە-تېكىستلىرىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن ئەمەس. ھالبۇكى، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن نەرسىلەر ھامان ۋاقىتلىق بولىدۇ. مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكلا مەڭگۈلۈك بولىدۇ. (2) ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى تىل-ئەدەبىياتشۇناسلىق دائىرىسىدىن قولغا ئېلىنىپ، لېكسىكولوگىيە نۇقتىئىنەزىرىدىن تەتقىق قىلىنىپ تولۇقلانغان، ئاممىباپلاشتۇرۇلغان. ئىلمىي خادىملار مۇقام تېكىستلىرىدىكى ھەربىر مىسرا ۋە ھەربىر سۆزدىكى تىلنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى پىششىق ئىگىلەپ، مىللىي تىل بايلىقىمىزدىن ئۈنۈملۈك ۋە توغرا پايدىلىنىپ ئۇچۇقلاشتۇرغان. بۇ ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى نامايەن قىلىپ، خەلقىمىزگە بەخت ياراتقان. ھالبۇكى، تىل سەنئىتى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ تۈرلەنگەنلىكتىن، تىلنى ئۇچۇق ۋە توغرا ئىشلىتىش — بىر مىللەتنىڭ، ھەتتا بىر دەۋرنىڭ روھىي قىياپىتىنى، پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. (3) ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئاساسى تارىخىي ۋە بەدىئىي بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ خەلقىمىزنىڭ پەن-مەدەنىيەت تارىخىنى، ماددىي-مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىجتىمائىي كۆرەش تارىخىنى يۈكسەك بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە ئاجايىپ سەنئەت شەكىللىرى ئارقىلىق ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ، ئەينى دەۋرلەردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە، جۈملىدىن ئەدەبىيات-سەنئىتىگە مىسلىسىز گۈللىنىش ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ نەغمە-تېكىست قۇرۇلمىسىدىكى رەڭگا-رەڭ سەنئەت ساقىنىدىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە ھېلىھەم ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئىككى ئىلمىي جەمئىيەتتىكى ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر ئىجادىي ۋە ئىلمىي ئەمگىكى ئارقىلىق تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنى لايىقىدا بىر تەرەپ قىلىشتا يۈكسەك بەدىئىي دىت سەرپ قىلغان. ئەدەبىيات بىلەن تارىخ ئوتتۇرىسىدىكى چەمبەرچاس باغلانغان نازۇك مۇناسىۋەتنى مۇزىكا نەغمىلىرى ئارقىلىق ماھىرلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، ھەم بەدىئىي چىنلىق، ھەم تارىخىي چىنلىق ئۈنۈمىگە ئېرىشكەن. مۇزىكا ئارقىلىق ئەدەبىيات، ئەدەبىيات ئارقىلىق تارىخ بىر گەۋدە بولغان ھالدا مىللىي ئىستېتىك ئاڭ ئاجايىپ سەلتەنەتلىك ئەكس ئەتكەن. مانا بۇ ھەقىقىي ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى كۆزدە تۇتقانلىقتۇر. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ئۈنۈم دېگىنىمىز — جەمئىيەت، تارىخ، خەلق ۋە ئەۋلادلار ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

5. مۇقامنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا پۇختا ئاساس سېلىنغان. دۇنيادا شەرق مۇزىكا گۆھىرى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي، تارىخىي، بەدىئىي ۋە تەڭداشسىز ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە شاھانە قامۇس. ئۇ ئۆتكەن تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنىڭ مۇجەسسەم ئىنكاسى بولۇپ، پەن-مەدەنىيەت تارىخىدىكى پەلسەپە، لوگىكا، ئېتنوگرافىيە، پسىخولوگىيە قاتارلىق مۇھىم ساھەلەر بويىچە ئىستېتىك تەربىيە رولىنى نەغمە-تېكىست ۋاسىتىسى ئارقىلىق بەدىئىي نامايەن قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مەنىۋى تۈرتكە بولۇپ كەلگەن. سالماق، مەردانە قىياپەتتە ئورۇنلانغان ھەربىر مۇقامدا كۆپ قاتلاملىق باي مەزمۇن ۋە قويۇق مىللىي تۇرمۇش پۇرىقى ئىپادىلىنىدۇ، خەلقىمىزنىڭ ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست، ئىتتىپاقلىق، جەڭگىۋارلىق روھى تولۇق گەۋدىلىنىدۇ؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئوپتىمىزملىق، دېموكراتىزملىق، دىئالېكتىك ۋە ساددا ماتېرىيالىزملىق روھ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ھەربىر مۇقامنىڭ پۈتۈنلۈك تېكىستلىرىدە ئىجتىمائىي تېمىلار، دۇنياۋى تېمىلار ئاساس قىلىنغان بولۇپ، سۆيگۈ مۇھەببەت تېمىسى چوڭ ئورۇننى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئېگىلىگەن، خەلقىمىزنىڭ مول ۋە رەڭدار تۇرمۇشى، گۈزەل مەنىۋىيىتى، ئارزۇ-ئىستەكلىرى، تارىخىي رېئاللىقتىن ھاسىل قىلغان ھەق-ناھەق قارىشى، مۇھەببەت-نەپرىتى ۋە ئىجتىمائىي تەجرىبىلىرى مۇزىكا تىلى ۋە تېكىست مەزمۇنى ئارقىلىق يارقىن ئىپادىلەنگەن، ھازىرمۇ ئوخشاشلا تەبىئىي ۋە ئىجادىيلىقى، جەلپ قىلىش كۈچى، يېقىملىقلىقى، ئاھاڭدارلىقى بىلەن جۇلالىنىپ، خەلقىمىزگە مەنىۋى يار-يۆلەك بولۇپ، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك بەخش ئېتىدۇ. تارىخىي تەجرىبىلەر تەكرار ئىسپاتلىدىكى، بىزنىڭ مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىزگە مەنىۋى تىرەك بولۇش ۋەزىپىسى — ئەنئەنىۋى سەنئەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، زور دەرىجىدە ۋە تارىخىي يوسۇندا ئون ئىككى مۇقامغا يۈكلەنگەن، ئەلۋەتتە. ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە باشقا ئامىللارمۇ بار، لېكىن، ئون ئىككى مۇقام يەنىلا ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سېھرىي كۈچ-قۇدرىتى چەكسىز بولۇپ، روھىي تەشنالىقتا چاڭقاپ تۇرغان سەنئەتخۇمار خەلقىمىز ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا پايدىلىق بايلىقنى تاپالايدۇ. خۇددى بۇلاق سۈيى ئىچكەندەك ئۇسسىغان يېرىگە بارىدۇ، ئىشتىيىك زوقى ئاشىدۇ، كۆڭلى ئېچىلىدۇ، ۋاقتى بىلىنمەي تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ، تەربىيە ئالىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى كىشىلىك قىممەت قارىشى، ھايات قارىشى، غايە، ئەخلاق، ئۆرپ-ئادەت، جۈملىدىن ئىشلەپچىقىرىش-كەسپىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەر كۆپ ھاللاردا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام مەدەنىيىتىدىن كەلگەن. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى بەدىئىي يۈكسەكلىككە، ئاممىباب، سىستېمىلىق شەكىلگە ئىگە مەدەنىيەت بايلىقىمىز سۈپىتىدە دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ زور دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان، شەرقتە، غەربتە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم تېمىسى ۋە مەنبەسى بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئارقىلىق ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلىشتەك يېڭى تارىخىي پۇرسەتكە ئېرىشكەنلىكى — ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشى ئۈچۈن مۇكەممەل ئىلمىي ئاساس ياراتقان.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئون ئىككى مۇقامىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئىلمىي سىستېمىغا ۋە يازما ھالەتكە كىرىشى — ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىي مىراسلىرىنى تەۋەرۈك ئورنىدا قەدىرلەيدىغان ھەرقانداق كىشىنى ئاجايىپ سۆيۈندۈرىدۇ، خەلقىمىزنىڭ شان-شەرىپىنى ئۆستۈرىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخىنىڭ يېڭى دەۋرىدىكى غايەت زور ئىزى سۈپىتىدە ئەدەبىيات-سەنئەت، نەشرىيات سەھىپىلىرىدىن مۇھىم ئورۇن ئالىدۇ. ھالبۇكى، بۇنىڭلىق بىلەن پەخىرلىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇ پەقەت ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا يېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مىللىي مەدەنىي مىراسلارنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە تارقىتىشتىن مەقسەت — ئۇنىڭغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېڭى دەۋرگە خاس مەدەنىيەت ئىشلىرىنى بېيىتىش ۋە گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى ھازىرقى زامان مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك شەكلى بولغان سىمفونىيە ئارقىلىق دۇنيا سەھنىلىرىدە ياڭراش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش — نۆۋەتتىكى مۇقەددەس ۋەزىپە. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش، دۇنياغا تونۇتۇش — ئەڭ ئاخىرقى مەقسەتتۇر. يېقىن كەلگۈسىدە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى يەر شارىنىڭ يېڭى ئۇپۇق سىزىقىدا پارلاق نۇر چاچقۇسى!

## توتېم

توتېم (totem) ئەسلىدە قەدىمكى ھىندىئانلارنىڭ سۆزى بولۇپ، «ئۇنىڭ ئۇرۇقدىشى، قېرىندىشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 1791-يىلى ئەنگلىيە ئالىمى ج. لانگې بۇ ئاتالغۇنى تۇنجى قېتىم ئىنگلىز تىلى لۇغەت فوندىغا كىرگۈزگەن، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئاتالغۇ دۇنيادىكى ئاساسلىق تىللارنىڭ لۇغەت تەركىبىگە كىرگەن.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئۇرۇقداشلار بەزى ھايۋان، ئۆسۈملۈك ۋە باشقا تەبىئەت مەۋجۇداتلىرىنى ئۆز ئۇرۇقىنىڭ ئەجدادى، دەپ قارىغان ھەم ئۇلارغا چوقۇنغان، بۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا ئەڭ دەسلەپكى دىنىي ئېتىقاد — «توتېمغا چوقۇنۇش» كېلىپ چىققان، نەتىجىدە، ئۇلار چوقۇنغان ھايۋان (مەسىلەن، ئېيىق، بۆرە، بۇغا، بۈركۈت، يولۋاس، شىر، بېلىق قاتارلىقلار)، ئۆسۈملۈك ۋە باشقا نەرسىلەر شۇ ئۇرۇقنىڭ مۇقەددەس ھامىيسى ۋە سىمۋولى بولۇپ قالغان. بىر توتېمغا چوقۇنىدىغان ئۇرۇق ئەزالىرى ئۆز توتېمغا ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇلارنى قوغدىشى شەرت، دەپ قارالغان. شۇڭا توتېم قىلىنغان ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ گۆشىنى ئىستېمال قىلىش قاتتىق مەنئىي قىلىنغان، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنسا، ئۇرۇق ئەزالىرى زور بالا-يىئاپەتكە ئۇچرايدۇ، دەپ قارالغان. ئۇلار ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان توتېم ئوبرازىنى مەدەن، تاش، ياغاچلارغا ئويۇپ ھەيكەل ياساپ، مۇراسىم مەيدانلىرىغا ئورنىتىپ، ھەر يىلى مەلۇم ۋاقىتتا بارلىق ئۇرۇق ئەزالىرىنى يىغىپ، نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا بولغان ئېتىقادى ۋە ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن توتېملارنىڭ تەسىر دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇملاشقان. شۇنىڭ بىلەن ئەڭ دەسلەپ ئىپتىدائىي ھىندىئانلار ۋە باشقا جايلاردىكى ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلار ئارىسىدا «ئىپتىدائىي توتېم مەدەنىيىتى» شەكىللەنگەن.

ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن «توتېمغا چوقۇنۇش» ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادنىڭ پەيدا بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىپتىدائىي ئۇرۇق جامەسىدە بارلىق مۇناسىۋەت ۋە ئەخلاق چەكلىمىسىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەدەنىيەت-سەنئىتىنى ياراتقان.

## مىسىردىكى «قۇرئان كەرىم كۆرگەزمىخانىسى»

نىل دەرياسى بويىغا جايلاشقان «قۇرئان كەرىم كۆرگەزمىخانىسى» نىڭ ئىگىلىگەن ئورنى چوڭ بولمىسىمۇ، ئۇ يەرگە قويۇلغان ھەرقايسى دەۋرلەردە نەشر قىلىنغان «قۇرئان-كەرىم» نىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرى ئۇزاقتىن بۇيان ناھايىتى كۆپ ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. بىر-بىرىدىن پەرقلىق بۇ كىتابلار ھەقىقەتەن كۆزنى چاقنىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوسمان خەلىپە دەۋرىدە نەشر قىلىنغان «قۇرئان» مۇ بار بولۇپ، ئۇ ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مىسىرغا كىرگەن تۇنجى «قۇرئان» نۇسخىسىدۇر. 1694-يىلى گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھىرىدە نەشر قىلىنغان «قۇرئان» نىڭ دۇنيادىكى تۇنجى نەشر نۇسخىسىمۇ مۇشۇ يەردە ساقلانماقتا. دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك فورماتتىكى «قۇرئان» مۇ بۇ يەردە بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەجمى 2×4CM لا كېلىدۇ. ئۇ شاھزادە يۇسۇپ كامال جاۋاھەرلىرىنىڭ بىرى. يۇسۇپ كامال بارلىقىنى ئىسلام دىنىنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت يادىكارلىقلىرى، ساياھەتچىلىكى ۋە خەتتاتلىق جاۋاھەرلىرىنى يىغىپ ساقلاش ئىشلىرىغا ئاتىغان يىغىپ ساقلىغۇچى.

بۇ كۆرگەزمىخانىدا يەنە ئاق رەڭلىك بىر قۇتا بار، ئۇنىڭدا ئېرۇسالىمغا كىرگەن سۇلايمان ماختاپ يېزىلغان ئىنتايىن ئۇششاق زىچ ئەرەبچە خەتلەر بار. قۇتىنىڭ يېنىغا ئۈچ تال بۇغداي دېنى قويۇپ قويۇلغان بولۇپ، بىر تېلىنىڭ يۈزىگە «قۇرئان» دىكى پارىلەر يېزىلغان. ئىككىنچىسىنىڭ يۈزىگە «مۇسانىڭ ئامانلىقىنى مەدھىيىلەش» دېگەن ئەرەبچە خەتلەر يېزىلغان. ئۈچىنچىسىگە مىسىر تارىخىدا ئۆتكەن سۇلالىلەر نامى يېزىلغان.

# ئىسلام دىنى بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى

غالىپ خوجابدۇل بۇ ھەقتە ماقالە يېزىپ مۇنداق دەيدۇ: ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ھايات پائالىيىتىدە تۇتقان ئورنى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، خەلقنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىسىنىڭ يېتىلىشىگە ۋە تەرەققىي قىلىشىغا زور تۆھپە قوشتى. چۈنكى ئىسلام دىنى بىر ئاللاغا ئېتىقاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ تەشەببۇسى ئۇنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرىنىڭ ئاسانلا قوبۇل قىلىنىشىنى ۋە كۆللىنىشىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. «قۇرئان كەرىم» دە قەيت قىلىنغان ۋە ئىزاھلانغان ئەخلاق پرىنسىپلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەمدە بۇنداق مۇكەممەل سىستېمىلاشقان ئەخلاق پرىنسىپلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن ئاساسىنلا قوبۇل قىلىنىپ، مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەخلاق چۈشەنچىلىرىنىڭ يېتىلىشىنى ۋە ئۆزگىچە بېقىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرى بارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەردە گەۋدىلىك ئىپادىسىنى تاپقان.

روشەنكى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن شامان دىنى، زەردۇش دىنى، بۇددا دىنى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىپتىدائىي تۇتېملارنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرى شىنجاڭ رايونىغا ئۈزلۈكسىز سىڭىپ كىرىپ، ھەرقايسى دەۋرلەردە خەلقىمىزنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە، تەرەققىي قىلىشىغا خىلمۇ خىل تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. لېكىن بۇ دەۋرلەردە خەلقىمىزنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ قېلىپلىشىشى ئاجىز بولۇپ، رايونلار بىلەن رايونلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىدە ناھايىتى چوڭ پەرق بار ئىدى. بۇ خىل تۇراقسىز ھالەت تاكى ئىسلام دىنى پۈتۈن شىنجاڭ رايونىغا ئومۇملاشقانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشى خەلقىمىزنىڭ ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ قېلىپلىشىشىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى گەرچە تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىنىڭ ۋە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرى بىلەن قىسمەن تەرەپلەردە سېلىشتۇرۇلمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىنى قوغداش يولىدا داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلمەكتە. ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرى ئاساسەن كىشىلەرنىڭ ئاق كۆڭۈل بولۇشىنى، ناشايان ئىشلارنى قىلماسلىقنى، ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىگە سادىق بولۇشىنى، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇشىنى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلىدۇ. ئەمما تارىختىكى ھۆكۈمران سىنىپلار ئىگىز مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ ئىسلام دىنىنىڭ بۇ خىل ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى خالىغانچە شاخلاندۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلدى ۋە بۇزۇۋېتىلدى. ئەمما ئۇ ئىسلام دىنى ئەخلاق پرىنسىپلىرىنىڭ تۈپ مەزمۇنىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىدى.

ئىسلام دىنى ئەخلاق پرىنسىپلىرى گەرچە ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلىنىش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىرقى ھەر خىل زامانىۋى مەدەنىيەتلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە خەلقئارا ئۇچۇر مەدەنىيىتىنىڭ كىرەلىشى ئىسلام ئەخلاقىي پرىنسىپلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاساسىنى تەۋرىتىپ قويدى. بولۇپمۇ شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى خەلقىمىزنى ئەنئەنىۋى ئەخلاق توغرىسىدا قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ خىل ئويلىنىش كىشىلەرنى يېڭى بىلەن كونىنىڭ چەك-چېگرىسىنى ئايرىپ بېرىشكە قىستىدى. شۇڭا ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتا ئۇنىڭ ئۆزىمىزگە پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

يۇقىرىدىكى ماتېرىياللارنى ئابدۇكېرىم تەييارلىدى

# يېڭىلىك ۋە سالامەتلىككە ئائىت مەلۇماتلار

**ئادەملەرنىڭ مېڭىسى قانداق مۇھىتتا ئەڭ ئۇچۇق بولىدۇ؟** 1. تېمپېراتۇرا: تېمپېراتۇرا 20 سېلسىيە گرادۇس ئەتراپىدا مېڭە ئەڭ ئۇچۇق بولىدۇ. بۇنداق شارائىتتا چوڭ مېڭىنىڭ ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىش ئىقتىدارى ئەڭ ياخشى بولىدۇ. تېمپېراتۇرا ئون سېلسىيە گرادۇستىن تۆۋەن بولسا، چوڭ مېڭە سەگەك بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ئىنتايىن ناچار بولىدۇ. ئەگەر تېمپېراتۇرا 35 سېلسىيە گرادۇستىن ئېشىپ كەتسە، چوڭ مېڭە ھەددىدىن زىيادە چارچاپ، ئادەم ئاسان چېچىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

2. ھاۋا: ئوكسىگېن يېتىشمىسە، چوڭ مېڭىنىڭ مادda ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىزلىشىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەمىشە ھاۋاسى ساپ يەردە كىتاب كۆرۈشى، ئۆگىنىش قىلىشىنىڭ سەۋەبى مانا شۇ يەردە.

3. نۇر: كۈچلۈك نۇردا مېڭە ھۈجەيرىلىرى تەسىرگە ئۇچرايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئادەم ھارغىنلىق ھېس قىلىپ ئۆگىنىش، ئىشلىگۈسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، مېڭىمۇ ئۇچۇق بولمايدۇ.

4. رەڭ: ئەقلىي ئەمگەك قىلىپ چارچىغان كىشىلەر يېشىل ئېكىنزارلىق ۋە كۆك ئاسمانغا قاراپ بەرسە، كەيپىياتى نورماللىشىپ، مېڭە سەگەكلىشىدۇ. لېكىن بۇنداق چاغدا توق قىزىل ياكى توق يېشىل رەڭگە قارىسا، مېڭە ۋاقىتلىق روھلانغاندەك بولسىمۇ، لېكىن تورمۇزلىنىپ، ئاسان ئۇخلايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

5. ئاۋاز: كىشىلەر ھارغاندا جۇشقۇن، يېنىك مۇزىكىلەرنى ئاڭلاپ بەرسە، چوڭ مېڭىنىڭ ھارغىنلىقىنى تۈگىتىپ، مېڭىنىڭ ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. لېكىن ئاۋاز 60 دېتسىبېلدىن ئېشىپ كەتسە، شاۋقۇن باشنى ئايلاندۇرۇپ، ئادەمنى ماغدۇرسىزلاندۇرىدۇ. بۇنداق چاغدا تەپەككۇر قىلىش، ئەستە ساقلاش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارى مېڭىنىڭ ئىشلەش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەيدۇ.

**مېڭىنى ساغلاملاشتۇرىدىغان يېمەكلىكلەر**

مېڭىنى ساغلاملاشتۇرىدىغان، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدىغان ئەقلىنى زىيادە قىلىدىغان يېمەكلىكلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىق كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن بىرقانچە خىلىنى تونۇشتۇرىمىز.

ئاتا-ئانىلار بالىلىرىمىزغا مۇۋاپىق ھالدا يېگۈزسەك مېڭىنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ.

بېلىق: بېلىق گۆشىنىڭ تەركىۋىدە ئاقسىل، كالتسىي ماددىلىرى بولۇپمۇ تويۇنمىغان ماي كىسلاتاسى مول بولۇپ بۇ خولېستېرىننى پارچىلاپ مېڭە قان تومۇرلىرىنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

سېمىز گۆش: سېمىز گۆشنىڭ تەركىۋىدە پوسفورلۇق ماي مول بولۇپ نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىدە كەم بولسا بولمايدىغان ماددىدۇر. مېڭىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈشنى ئويلايدىكەنمىز سېمىز گۆش ئاز بولۇپ قالسا بولمايدۇ.

تۇخۇم سېرىقى: تەركىبىدە تۇخۇم سېرىقى ئېلېمېنتى، تۇخۇم ئىشقارىي قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار مېڭە ھۈجەيرىسىگە لازىملىق بولغان ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىپ، چوڭ مېڭىگە جانلىنىش ئېلىپ كېلىدۇ.

كالا سۈتى: كالا سۈتىنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل ۋە كالتسىي ماددىسى بولۇپ ئۇ چوڭ مېڭىنى كېرەكلىك كۆپ خىلدىكى ئامىنو كىسلاتاسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

پۇرچاق: پۇرچاقنىڭ تەكىبىدە ئىئۆيىن ۋە مول بولغان ئاقسىل بولۇپ، ھەر كۈنى

ئاز-ئازدىن پۇرچاق ياكى پۇرچاقتا ياسالغان يېمەكلىكلەرنى يېسە، خاتىرە قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ.

سەۋزە: سەۋزىنىڭ تەركىبىدە كاروتىن ۋە ۋىتامىن B گۇرۇپپىسى مول بولۇپ، چوڭ مېڭىدىكى چارچاشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە چارچاشنى چىقىرىپ تاشلايدۇ.

قارا موگو: تەركىبىدە ئاقسىل، ماي، قەنت تىپى مىنېرال ماددىلار ۋىتامىن قاتارلىقلار بولۇپ مېڭىنى قۇۋۋەتلەپ مېڭىنى ساغلاملاشتۇرىدىغان ئالىي يېمەكلىكتۇر.

بانان: بۇنىڭ تەركىبىدە مىنېرال ماددىلار، بولۇپمۇ كالىي ئىيونىنىڭ مىقدارى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ بەرسە مېڭىنى ساغلاملاشتۇرۇش رولىنى ئۆتەيدۇ.

ياڭاق: بۇنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل، كالتسىي سەۋزە ئېلېمېنتى قاتارلىقلار بولۇپ، مېڭىنى ساغلاملاشتۇرۇش، ئەقىللىق قىلىش رولى بار.

# يېمەكلىك قۇرۇلمىسى ئىسلاھاتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى

يېمەكلىك قۇرۇلمىسى ۋە ئوزۇقلىنىش ئەھۋالى خەلق ئىگىلىكى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن، بايلىقتىن پايدىلىنىش قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇ بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىنىڭ بىرى.

**ئېلىمىزنىڭ يېمەكلىك قۇرۇلمىسىنىڭ هازىرقى ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكى** ئېلىمىزنىڭ يېمەكلىك قۇرۇلمىسى ۋە ئوزۇقلىنىش ئەھۋالىدىكى ئاساسلىق ئالاھىدىلىك شۇكى، ئوزۇقلۇقلارنىڭ ئىسسىقلىق مىقدارى ئېھتىياجى قاندۇرغان بولسىمۇ، ئاقسىل مىقدارى يېتەرلىك ئەمەس، بولۇپمۇ سۈپەتلىك ئاقسىل مىقدارى تولىمۇ تۆۋەن؛ ئاشلىقنىڭ ئىستېمال مىقدارى كۆپ، پۇرچاق ۋە هايۋانلاردىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر ئاز، مىنېرال ماددىلار، ۋىتامىنلارنىڭ قوبۇل قىلىنىش مىقدارى ئۆلچەمگە يەتكەن بولسىمۇ، ئوزۇقلۇقلار تەركىبىدىكى كالتسىي، ۋىتامىن B2 ۋىتامىن A قاتارلىقلارنىڭ مىقدارى تولىمۇ ئاز.

1) خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى نەتىجىسىدە يېمەكلىكلەرنىڭ سانى ۋە سۈپىتىگە بولغان تەلەپ كۈچەيدى. بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ: (1) ئاشلىقنىڭ تۈرى ۋە سۈپىتىگە بولغان تەلەپتە ئۆزگىرىش بولدى؛ (2) هايۋانلاردىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنىڭ ئىستېمال مىقدارى ئاشتى، كۆكتات، مېۋە-چېۋىلەرنىڭ ئىستېمال مىقدارىمۇ ئاشتى، سۈپەتكە بولغان تەلەپ يۇقىرىلىدى.

2) نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بىلەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى نەتىجىسىدە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەش بىلەن يېمەكلىككە بولغان ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسىرى كۈچەيمەكتە. 1949-1992-يىللىرى ئېلىمىز نوپۇسى ئەسلىدىكى 540 مىليوندىن كۆپىيىپ، 1 مىليارد 170 مىليونغا يەتتى. دېمەك، يىلىغا ئوتتۇرا هېساب بىلەن 14 مىليون 650 مىڭ نوپۇس كۆپەيگەن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 28 مودىن ئازىيىپ، 1.3 موغا چۈشۈپ قالغان.

3) كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق مىقدارى كۆپ ئەمەس، گۆش مەھسۇلاتلىرىمۇ بىر خىل. بۇ، يېمەكلىك قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشتا يېڭى بېسىمنى پەيدا قىلدى. ئاشلىقنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىستېمال مىقدارى 400 كىلوگرامغا يېقىنلاشقان هەم كېيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش ئاساسەن هەل قىلىنغاندىن كېيىن، هايۋانلاردىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن

يېمەكلىكلەرنى كۆپەيتىش، ئوزۇقلۇقنى ياخشىلاشتىكى بىر مۇھىم تەرەپ بولۇپ قالدى. شۇڭا يېمەكلىك ئىستېمالىنىڭ ئېشىپ بېرىشى، ماھىيەتتە يەم-خەشەك ئېھتىياجىنىڭ ئېشىپ بېرىشىنى قاندۇرۇش بولۇپ قالدى.

2. ئېلىمىزنىڭ يېمەكلىك قۇرۇلمىسىنى تەكشۈرۈش، ئىسلاھ قىلىش تەدبىرى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەسەۋۋۇر يېمەكلىك قۇرۇلمىسى تار مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر ئادەم ياكى بىر كوللېكتىپنىڭ يېمەكلىك ئىستېمالىنىڭ مىقدارى، تۈرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال قىلىش، ئوبوروت قىلىش، ئوزۇقلۇق تەركىبى، تازىلىقى ۋە يېمەكلىك مىقدارى، سۈپىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى ھالقىلارغا چېتىلىدىغان سىستېما قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت.

ھازىرقى زامان يېمەكلىك قارىشىنى ئاساسىي نۇقتا قىلىپ يېمەكلىك ئىستېمالىنى مۇۋاپىق يېتەكلەپ، ئىلمىي، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى مۇۋاپىق ئىستېمال قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، يېمەكلىك ۋە ئوزۇقلۇق قۇرۇلمىسىنى مۇناسىپ تەڭشەپ، ھايۋانلاردىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىك ۋە يۇرچاق يېمەكلىكلىرىنىڭ سالمىقىنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا ۋە كېيىنكى ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىغا بارغاندا، مەملىكەت بويىچە ھەربىر ئادەمنىڭ ئوزۇقلۇقلاردىن قوبۇل قىلىدىغان كۈندىلىك ئىسسىقلىق مىقدارىنى 2500 كالورىيە ئەتراپىدا تۇراقلاشتۇرۇشىمىز، يېمەكلىكلەرنىڭ ئىسسىقلىق مەنبەسى قۇرۇلمىسىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىشىمىز، كاربون سۇ بىرىكمىلىرىدىن قوبۇل قىلىنىغان ئىسسىقلىق مىقدارىنى ئازايتىشىمىز، ياغدىن قوبۇل قىلىنىدىغان ئىسسىقلىق مىقدارىنى ئاشۇرۇشىمىز زۆرۈر بولسىمۇ، % 30 تىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكىمىز كېرەك؛ ئاقسىل قۇرۇلمىسىنىمۇ ياخشىلىشىمىز، يېمەكلىكلەر تەركىبىدىكى ئاقسىل مىقدارىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، سۈپەتلىك ئاقسىلنىڭ سالمىقىنىمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا % 25، % 40، % 45 ئەتراپىدا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى ئەنئەنىۋى ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتنى ئاساس قىلغان ئىككى مەنبەلىك قۇرۇلمىدىن پەيدىنپەي ئاشلىق زىرائىتى، يەم-خەشەك زىرائىتى، ئىقتىسادىي زىرائەتتىن ئىبارەت ئۈچ مەنبەلىك قۇرۇلمىغا ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك، يەم-خەشەك زىرائىتى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە نىسبەتەن مۇستەقىل بولغان كەسىپنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك؛ ھازىر يەم-خەشەك تەركىبىدىكى ئاقسىلنىڭ مىقدارى %10.4 بولۇپ، 2000-يىلى %12 كە، 2020-يىلى %14.5 كە يەتكۈزۈپ، ئادەتتىكى ئارىلاشما يەم-خەشەك ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، ھايۋانلاردىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا %25 ۋە %30 ئاشۇرالايمىز. يېمەكلىك پىششىقلاش سانائىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى يېمەكلىك ئىستېمال قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇپ، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنىڭ سەرخىل يېمەكلىكلەر ئىچىدىكى سالمىقىنى ھازىرقى %20 ~ 30% تىن ئاشۇرۇپ 50% كە يەتكۈزۈشىمىز كېرەك.

## كېلەر ئەسىردە نېمە ئىستېمال قىلىمىز؟

21-ئەسىردە كىشىلەر نېمىنى ئىستېمال قىلىدۇ؟ كۆرگەن كىشىلەر فانتازىيىلىك فىلىملەر ياكى كىتابلاردىن ناھايىتى ئالدىراش ئىشلەيدىغان كىشىلەرنىڭ يانچۇقىدىن كىچىك قۇتىنى چىقىرىپ بىر-ئىككى تال تابلېتكىنى تېزدىن يۇتۇۋېتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۇلارنىڭ بىر كۈنلۈك ئوزۇقى بولغانلىقىدەك كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەسلىدە بۇ تابلېتكىلار

www.uyghurkitap.com



تەجرىبىخانىلاردا ئالدىنئالا تەييارلانغان دورىلار. ئۇنداقتا، كېلەر ئەسىردە كىشىلەر غىزالانغاندا پەقەت ئوزۇقلۇقتىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ تەمى ياكى ئۇنى تەييارلاش تېخنىكىسى بىلەن كارى بولمامدۇ؟ بىز تۆۋەندىكىلەرگە قاراپ باقايلى:

21-ئەسىردە كىشىلەر كۈندىلىك غىزالىنىشنى ئالدى بىلەن مېۋە شەربىتى ئىچىش ياكى مېۋە يېيىشتىن باشلايدۇ. ئەتىگەنلىك تاماق تۈرى ناھايىتى مول بولۇپ، بولكا، ماي تەركىبى ئاز بولغان گۆش، تۇخۇم ۋە باشقا قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلۇقلار بولىدۇ. بىر كۈنلۈك ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىستېمال قىلىنغان يېمەكلىكلەرنىڭ تەخمىنەن يېرىمى دېگۈدەك خام كۆكتات ياكى مېۋە بولىدىكەن. كىشىلەر يەنە تاماقنى ياخشى ھەزىم قىلىش ئۈچۈن بىر-ئىككى ئىستاكان كالا سۈتى، قەھۋە ياكى چاي ئىچىۋالىدىكەن.

ھەر قېتىمقى غىزالىنىشنى كىشىلەر ئالدى بىلەن يېڭى كۆكتات، خام كۆكتات ياكى مېۋە بىلەن باشلىشى ھەمدە بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. كىشىلەر يەنە خام كۆكتاتنى دائىم بىخلانغان بۇغداي، پۇرچاق ياكى سۇلۇ بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى زىرائەت بىخلانغاندا ھاسىل بولغان ۋىتامىنلار كىشىلەرنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، جىنسىي گورمۇنىنىڭ يېتىلىشىگىمۇ پايدىلىق ئىكەن.

21-ئەسىردە كىشىلەر ياغسىزراق تاماققا ئامراق بولۇپ، قاراмۇچ قاتارلىق غىدىقلىغۇچى تېتىتقۇلارنى ناھايىتى ئاز ئىستېمال قىلىدىكەن. كۆكتات قورۇغاندا سۇنى ئىمكانقەدەر ئاز ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبىنى ساقلاپ قالىدىكەن. ياڭيۇنى شۆپىكى بىلەن پىشۇرۇپ، پىشقاندىن كېيىن شۆپىكىنى سويۇۋېتىدىكەن. كىشىلەر يەنە يۇقىرى دەرىجىدە پىششقلاپ ئىشلەنگەن ئىشلىقنى ئىستېمال قىلماي، سېرىق بولكا ياكى ئانچە ياخشى ئاقلانمىغان گۈرۈچ قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىدىكەن.

21-ئەسىردە كىشىلەر چۈشتە شورپىنىڭ ئورنىغا مېۋە شەربىتى ئىچىدىكەن. مايسىز گۆش، ئاساسلىقى ئۆي قۇشلىرىنىڭ گۆشى، كۆكتات، مېۋە، كەسمە چۆپ، قەھۋە ئىستېمال قىلىدىكەن. كەچتە ئاساسەن، سوغۇق گۆش، خام كۆكتات، مېۋە شەربىتى ئىستېمال قىلىدىكەن.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، 21-ئەسىردە كىشىلەر ئىستېمال قىلىدىغان ئوزۇقلۇق مىقدارىنى ئازايتىدىكەن، يەنى بۈگۈنكى قاراش بويىچە ئاساسەن ئۈچ قورساق ھالەتتە يۈرۈيدىكەن.

## كۈچلۈك نۇرنىڭ زىيىنى

كۈچلۈك نۇرنىڭ زىيىنى ھەددىدىن ئارتۇق كۈچلۈك نۇرنىڭ كۆرۈش سېزىمىگە بولغان ناچار تەسىرىدىن ئىبارەت. كۈچلۈك نۇر كۆزگە تەسىر كۆرسىتىپ، باش قېيىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئۇيقۇسىزلىق، ئىشتىھاسىزلىق، كەيپىيات تۆۋەن بولۇش، ماغدۇرسىزلىق قاتارلىق نېرۋا ئاجىزلىق ئالامەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ھازىر بىر قىسىم تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر كۈچلۈك نۇرنىڭ زىيىنىنى تونۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرمەكتە ۋە بۇنىڭغا دائىم قانۇنلارنى تۈزۈپ، كۈچلۈك نۇردىن پايدىلىنىشنى چەكلىمەكتە. ئارخېتېكتورلار ۋە زىننەتلەش خادىملىرىغا ئېگىز بىنالارنى نۇر قايتۇرۇش كوئېففىتسېنتى چوڭ ماتېرىياللار بىلەن زىننەتلىمەسلىكنى، سودا سارايلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشكىلەرگە بەك يوغان ئەينەكلەرنى ئىشلەتمەسلىكنى، ئەينەكنى كۆپ ئىشلەتمەسلىكنى، ئاليۇمىن بىرىكمە مېتاللارنى ئىشلەتمەسلىكنى، كىشىلەرگە مۇنداق كۈچلۈك نۇر بار يەردە ئۇزاق تۇرماسلىقنى ئاگاھ-

لاندۇرماقتا.

ئىلمىي ئۆلچەشلەرگە ئاساسلانغاندا، ھاك بىلەن ئاقارتىلغان تامنىڭ نۇر قايتۇرۇش كوئېففىتسېنتى 69% — 80% كىچە، ئەينەكنىڭ نۇر قايتۇرۇش كوئېففىتسېنتى 82% — 88% كىچە، بەك سىلىق ئاق تامنىڭ نۇر قايتۇرۇش كوئېففىتسېنتى 90% كە يېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ نۇر قايتۇرۇش كوئېففىتسېنتى ئوتلاقلىق، ئورمانلىق ۋە سىلىقلاشتۇرۇلمىغان خىش بىلەن زىننەتلەنگەن بىنالارنىڭ نۇر قايتۇرۇش كوئېففىتسېنتىدىن ئون ھەسسە كۆپ بولىدىكەن. بۇ سانلىق قىممەت ئورگانىزم قوبۇل قىلالايدىغان فىزىئولوگىيەلىك ماسلىشىش دائىرىسىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىپ، ھازىرقى زاماندىكى يېڭى بۇلغىنىش مەنبەسىنى پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىكىلىق سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزمەكتە.

قانداق قىلغاندا كۈچلۈك نۇرنىڭ زىيىنىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىش لازىم:

ئادەتتە قۇياش قاتتىق قىزدۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا بازار ئايلانماسلىق، زۆرۈر بولغاندا قارا ياكى رەڭگى ئۆزگىرىدىغان كۆزەينەك تاقاش كېرەك. ياشانغانلار، تېنى ئاجىز ۋە ئوڭاي رېئاكسىيە بېرىدىغان كىشىلەر كۈچلۈك نۇر قايتۇرىدىغان ماتېرىياللار بىلەن بېزەلگەن كۆزنى غىدىقلاش رولى بار ماگىزىنلارغا كۆپ كىرمەسلىكى، قۇياش نۇرى كۈچلۈك چۈشىدىغان يەردە ئولتۇرۇپ ئىشلەشكە توغرا كەلسە، دېرىزە پەردىلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىشى لازىم. ئائىلىلەردە يورۇقلۇقى كۈچلۈك لامپۇچكىلارنى ئىشلەتمەسلىك، كۆزنى غىدىقلاش تەسىرى بولغان كۈچلۈك نۇر بىلەن يورۇتۇشتىن ساقلىنىپ، ئائىلىدىكىلەر، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ۋە سالامەتلىكىنى ئاسراش كېرەك.

## ئورۇقلۇق ۋە سېمىزلىكنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

100 ياشتىن ئاشقان ئۆمۈر چولپانلىرى ئىچىدە قورساق سالغان سېمىزلەر ئىنتايىن ئاز سانىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن 30 ياشتىن ئاشقان ئادەملەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدا ئۇلارنىڭ سېمىز بولغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن ئورۇق بولغانلىقى سەۋەب بولماقتا. ئومۇمەن ئېيتقاندا، سېمىز كىشىلەر ئورۇق كىشىلەرگە قارىغاندا چىداملىق بولىدۇ. لېكىن سېمىزلىك يۇقىرى قان بېسىمى، قىزىل تومۇر قېتىشىش كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مېڭىگە قان چۈشۈش كېسەللىكىنىڭ يۈز بېرىشى سېمىز ئادەملەردە بەدەن ئېغىرلىقى نورمال بولغان ئادەملەرگە قارىغاندا 3.5 ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ، بۇ، شەك-شۈبھىسىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئالىملار ئەگەر بويىنىڭ ئېگىزلىكى 1.70 مېتىر، بەدەن ئېغىرلىقى 67 كىلوگرام بولغان بىر كىشى بەش يىلدىن يەتتە يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە بەدەن ئېغىرلىقىنى توققۇز كىلوگرامدىن 13.5 كىلوگرامغىچە ئازايتىپ، ئۇزۇن مۇددەتكىچە شۇ ھالەتنى ساقلاپ قالالىسا، بۇ كىشى 120 ياش ئەتراپىدا ئۆمۈر كۆرەلىشى مۇمكىن، دەپ قارىماقتا. لېكىن ياشانغانلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار قانچە ئورۇق بولسا، شۇنچە ياخشى دېگىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزى ئالىملار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى بىلەن ئۆلۈش يېشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىپ، بەدەن ئېغىرلىقى نورمال بەدەن ئېغىرلىقىدىن 20% يۇقىرى بولغان كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلەيدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قۇرامىغا يەتكەن ياشلار ئورۇقراق بولۇشى، 40 ياش ئەتراپىدىكى ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ھەر يىلى بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ ئېشىپ بېرىشى ئەڭ ياخشىسى 0.5

كىلوگرامدىن ئارتۇق بولماسلىقى كېرەك ئىكەن. لېكىن بۇ سالامەتلىكى ياخشى بولغان كىشىلەرگە قارىتا ئېيتىلغان. دېمەك، يۇقىرى قان بېسىمى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغانلار ئەڭ ياخشىسى ئورۇقراق بولۇشى كېرەك.

خەلقىمىز ئارىسىدا ياشانغان چاغدىكى ئورۇقلۇقنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، دېگەن گەپ بار. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، 70 ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەنلەرنىڭ ئىچىدە نىسبەتەن ئورۇقلار ئىككىدىن بىردىن ئۈچتىن ئىككىگىچە سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئورۇقلۇق بىلەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. لېكىن بۇ پەقەت يۈزەكى ھادىسە. چۈنكى ئادەمنىڭ ئورۇق، سېمىز بولۇشى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بوۋاقلار، ئۆسمۈرلەر، ياشلار كۆپىنچە سېمىزرەك بولىدۇ، بۇ فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج. بىر ئادەم 70 ياش ۋاقتىدا ئورۇقراق بولسا، ئۇنى چوقۇم 50 ياش ۋە 60 ياش ۋاقتىدىمۇ ئورۇق بولغان دېگىلى بولمايدۇ. ياشانغان چاغدا ئورۇق بولۇش ئىنسانىيەت فىزىئولوگىيىسىنىڭ مۇقەررەر ھادىسىسى بولۇپ، بۇ، ياشانغان ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ بەدەن ئىچىدىكى ياتلىشىش تەسىرىنىڭ ئاستا-ئاستا ئۆزلەشتۈرۈش تەسىرىدىن چوڭ بولىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ياشانغانلارنىڭ بەدىنى ئىچىدە يىغىلغان مايىنىڭ سەرپ بولۇشى، مۇسكۇللىرى ۋە ئىچكى ئەزالىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، ھۈجەيرە تەركىبىدىكى سۇ مىقدارىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى قاتارلىقلار بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ تۆۋەنلەپ، ئورۇقلاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇق ئادەملەر چوقۇم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ.

ماتېرىياللارغا قارىغاندا، سېمىزرەك كەلگەن ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان ئادەملەرنىڭ تاجىسمان قان تومۇرلۇق يۈرەك كېسەللىكى، يۇقىرى قان بېسىم، قان تەركىبىدىكى ماي ماددىسى يۇقىرى بولۇش كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ئورۇق ئادەملەرگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى بولىدىكەن. قىزىقارلىقى شۇكى، ئورۇق كىشىلەردە ئاستا خاراكتېرلىك كانايچە ياللۇغى ۋە ياشانغانلاردا كۆرۈلىدىغان ئۆپكە ئىششىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدىكەن. شۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئورۇق ۋە سېمىز بولۇشنىڭ ھەر ئىككىلىسى ياخشى ئەمەس. نورمال بولغان بەدەن شەكلى سېمىزمۇ بولمىغان، ئورۇقمۇ بولمىغان بولۇش، بەدەن ئېغىرلىقى نورمال بولۇشتىن ئىبارەت.

ساغلام بولۇش، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن، كىشىلەر نورمال بەدەن ئېغىرلىقىنى ساقلىشى كېرەك. بىر كىشىنىڭ مەخسۇس ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، سېمىز بالىلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئۆسۈپ قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن سېمىز ئادەملەردىن بولۇپ قالىدىكەن. سېمىزرەك بولغان ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ پەقەت ئۈچتىن بىر قىسمىلا شۇ سېمىزلىكنى ئوتتۇرا ياشتىن ئاشقىچە ساقلاپ قالالايدىكەن. شۇڭا ياشلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن ھەتتا بالىلىق چېغىدىن تارتىپلا بۇ مەسىلىنى چىڭ تۇتۇش زۆرۈر. سېمىزرەك بولغان بالىلارغا نىسبەتەن ھەرىكەت مىقدارىنى ئاشۇرۇش، ئىسسىقلىق مىقدارى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى مۇۋاپىق چەكلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بالىلارنىڭ قۇرامىغا يەتكەندە سېمىزلىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، سېمىزرەك بولغان ياشلار بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى كونترول قىلىشنى مۇھىم ئىش دەپ بىلىشى كېرەك. سېمىزلىك بەخت، ئورۇق بولسا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگىلى بولىدۇ، دەيدىغان خاتا كۆز قاراشلارنى تۈگىتىش كېرەك. بەك سېمىزلەر ئورۇقلاش جەھەتتە داۋالىنىشنى ئويلىشىش كېرەك. لېكىن قارىغۇلارچە ئورۇقلاشمۇ زىيانلىق. بەدىنى ئاجىز، ئورۇقراق بولغان ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئوزۇقلۇقنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇپ، تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىپ، بەدىنىنى ساغلاملاشتۇرۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگىلى بولىدۇ.

# ئادەملەر نېمە ئۈچۈن بارغانسېرى ئېگىز بولىدۇ

ھازىر ئىنسانلارنىڭ بويى بارغانسېرى ئېگىز بولۇشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. يېقىنقى 80 يىل ئىچىدە مەملىكىتىمىزدىكى 18 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان شەھەر قىز-يىگىتلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئون يىلدا 2.3 — 2.15 سانتىمېتىر ئېشىۋاتىدۇ.

نېمە ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ بويى بارغانسېرى ئېگىز بولىدۇ؟ 20-يىللارنىڭ باشلىرىدا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىنسانشۇناس ئالىم بۇنىڭ ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىشىنى «باشقا يۇرتتىكىلەر بىلەن نىكاھلانغانلىق» مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان. ئۇ شۇ كىشىنىڭ ئاتا-ئانىسى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جاينىڭ ئارىلىقى قانچە يىراق بولغانسېرى، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى شۇنچە ئېگىز بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغان.

1935-يىلى گېرمانىيىلىك ئالىم كېخ مۇنداق بىر نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قۇياش نۇرىنىڭ ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قارىتا تەسىرى زور بولىدۇ، قۇياشنىڭ ئادەم بەدىنىگە چۈشۈش مىقدارى قانچە كۆپ بولسا، ئادەملەر شۇنچە ئېگىز بولىدۇ.

40-يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئامېرىكا ئالىمى مەرس ئادەملەرنىڭ ئېگىز بولۇشى ھاۋا كېلىماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇنىڭ قارىشىچە، يەر شارىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ كەتسە، ئادەمنىڭ بويى تېز ئۆسىدىكەن.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ئالىملار خىلمۇ خىل تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. بەزىلەر، ئادەم بويىنىڭ ئېگىز بولۇشى كىچىك باللار ۋە ھامىلدار ئاياللارنىڭ ۋىتامىننى كۆپ ئىستېمال قىلغانلىقىنىڭ، ئوزۇقلۇق ماددىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ياخشىلانغانلىقىنىڭ ئالامىتى، بولۇپمۇ ئاقسىل تەركىبى كۆپ يېمەكلىك، سۈتتىن ياسالغان يېمەكلىك، قەنت ۋە ھايۋانات مېيىنىڭ كۆپ ئىستېمال قىلىنغانلىقىنىڭ تەسىرى دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر، ئادەم بويىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشى سىمسىز ئېلېكتر ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئەسۋابى رادار ۋە رېنتگېن قوراشتۇرۇش ئەسۋابى قاتارلىق ئېلېكتر ماگنىتلىق ئەسۋابلارنىڭ تەسىرىدىن بولغان دەپ ھېسابلىغان. يەنە بەزىلەر ئاتموسفېرادىكى كاربون ئوكسىدىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ھاياتلىقنىڭ رىتىمى تېزلەشكەن، بۇ، ئادەملەرنىڭ تېز ئۆسۈشىدىكى مۇھىم سەۋەب، دەپ قارىغان.

كىشىلەرنىڭ بويىنىڭ بارغانسېرى ئېگىزلەپ كېتىشىدىكى تۈپ سەۋەب زادى قەيەردە؟ بۇ مەسىلىدە ھازىرغا قەدەر بىرلىككە كەلگەن قاراش ۋە ئۇچۇق جاۋاب يوق. ۋەھالەنكى، ياپونىيە جىگدۇ داشۆسىدىكى دوكتور چۈۋەييەنىڭ قارىشىچە، ئادەم بەدىنىنىڭ ئېگىزلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئىچىدە كېيىن يېتىلگەن ئامىل %80 نى، تۇغما ئامىل (يەنى ئىرسىيەت ئامىلى) %20 نى ئىگىلەيدىكەن. كېيىن يېتىلگەن ئامىلار ھەرىكەت، خاراكتېر، ئوزۇقلۇق، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە داۋالىنىش شارائىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. بۇ قاراشنىڭ توغرا-خاتالىقىنى يەنىلا ئالىملارنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەرنى تەرجىمە قىلغۇچى
**ھۆرنىگۈل ۋە ئايتۇرام مەتىمىن**

# تەھرىرلىك — ئىجادىي ئەمگەك

نىجات يۈسۈپ

ئاخبارات، مەتبۇئات، گېزىت-ژۇرنال كەسپىي ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپىگە دۇچ كەلمەكتە. بۇ ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھەررىرلەر مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭدا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. تېما تاللاش، ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش، تەكشۈرۈش، پىششىقلاپ ئىشلەش، زىننەتلەش-لايىھەلەشتىن تارتىپ بېسىش، نەشر قىلىشقا قەدەر ھەممىسىدە مۇھەررىر جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرىدۇ. لېكىن جەمئىيەتتە بەزىلەر نەشرىياتچىلىقتىكى مۇنداق مۇرەككەپ جەرياننى چوڭقۇر چۈشەنمىگەچكە، تەھرىرلىك خىزمىتى ئۈستىدە خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ، ئۇنى كېسىش، چاپلاش، ئوڭشاش-ياماش خىزمىتى دەپ ھېسابلايدۇ. تەھرىرلىكنى بىر خىل ئاددىي ئەمگەك ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۇنى «ئىجادىي ئەمگەك ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئەمگىكى ئاساسىدا ئوڭلاپ-تۈزەشتۈرۈپ قويۇشتىنلا ئىبارەت، ئۇنىڭغا ھېچقانچە بىلىم كەتمەيدۇ» دەپ قارايدۇ، بۇنداق قاراش توغرىمۇ؟

مەن تەھرىرلىك خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان ۋە ئۇنىڭدا ئۇزاق ئىشلىگەن ئادەممەن. بۇ جەرياندىكى تەھرىرلىك قىلىش تەجرىبىلىرىمگە قارىغاندا، بۇ خىزمەت بەزىلەرنىڭ قارىشىدەك كەم يېرىنى ياماپ قويۇشلا ئەمەس، بەلكى، جاپالىق ئىجادىي ئەمگەك. ئۇنىڭدا ئۆز ماھارىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا، ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئارزۇسىنىمۇ ئاندۇرۇشقا بولىدۇ. ئەمما، بۇ بىر خىل شەرت بولۇپ، ۋ شەرتنى تەھرىرلىك ماھارىتىنى تولۇق ئىگىلىمىگەن ئادەم ئورۇندىيالمايدۇ، پەقەت بىلىم ماھارەتتە تويۇنغان تەھرىر بولۇپ يېتىلگەنلەرلا، بۇ شەرتنى ئورۇنداپ ئارزۇسىنى قاندۇرالايدۇ. تەھرىرلىك ئورۇندۇقىنى ئىگىلىگەن، ئەمما، ئۆزى تىرىشىپ كامالەت ئىگىلىمىگەن خام تەھرىرلەرگە قاراپلا بۇ خىزمەتنى «باشقىلارغا تويلۇق كىيىم تەييارلاش» خىزمىتى دېيىش توغرا ئەمەس.

مۇھەررىر ئەمگىكىنىڭ ئىجادىيلىقى يازغۇچى، ئالىملار ئەمگىكىنىڭ ئىجادىيلىقىدىن ئانچە قېلىشمايدۇ. بۇنى نۇرغۇنلىغان مەشھۇر مۇھەررىرلەرنىڭ ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدى. كۆپچىلىككە ئايانكى، لۇشۈن ئېلىمىزنىڭ بۈيۈك ئەدىبى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە مەشھۇر مۇھەررىر ئىدى. دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى چوڭ ئالىمى كوڭزىمۇ شۇ دەۋردىكى ئەڭ مەشھۇر ئوقۇتقۇچى ھەم مۇھەررىرلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ كۆڭۈل قويۇپ رەتلىگەن ۋە تەھرىرلىگەن ئەسەرلەر مىڭلىغان يىللاردىن بۇيان دۆلىتىمىز ۋە دۇنيادا مەشھۇر مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ كەلمەكتە. بۇنداق ئېيتىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، كۆپلىگەن مەشھۇر ئەدەبىيات ئەسەرلىرى دەسلەپتە يېزىلغاندا بەك پىششىق بولۇشى ناتايىن بولىدۇ. لېكىن بۇنداق خام ئەسەرلەر مۇھەررىرنىڭ ئۆتكۈر كۆزىنىڭ پەرق ئېتىشى، ئۇنى ئىنچىكىلەپ تەھرىرلەپ پىششىقلىشى، ئاپتورغا قايتا-قايتا ياردەم بېرىپ ئۆزگەرتىشى ئارقىلىق ئاخىرىدا كىتابخانلار ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان، دائىم بازىرى چىقىپ تۇرىدىغان ئۆلمەس ئەسەرگە ئايلىنىدۇ.

گومورو دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئالىمى. شۇنداق بىر چوڭ ئالىم بىر نەشرىيات مەسئۇلىغا: «مەيلى قانداق يازغۇچى يازغان ئەسەر بولسۇن، ئۇنىڭدا ھامان چوڭ ياكى كىچىك نۇقسان، خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن، بەزى خاتالىقلار ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدىن چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مۇھەررىرنىڭ ئەستايىدىل كۆزىدىن قېچىپ كېتەلمەيدۇ. مېنىڭ ئەسىرىمنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈڭلار، قانداق مەسىلە بولسا ئوتتۇرىغا قويۇڭلار، ھېچقانداق ئىككىلىنىشتە بولماسلىقىڭلار كېرەك» دېگەنىدى. دېمەك، بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تەھرىرلىك خىزمىتى ھەرگىز بىر خىل ئاذدىي ئەمگەك ئەمەس.

تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئاپتور بىلەن كىتابخاننى بىر-بىرىگە باغلاپ، ئۇلارنى كېلىشتۈرىدىغان ئەمگەك. ئۇنى مۇلازىمەت خاراكتېرلىك ئەمگەك دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ ھەم ئاپتور ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ھەم كىتابخان ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، تەھرىرلەر كىتابلارنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئەسەر-كىتابلار، يەنى مول روھىي ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەپ ئاپتورلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئاپتورلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە كىتابلارنىڭ بازار تېپىش ئۈچۈرىنى تەھلىل قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتورلارنى ماقالە يېزىشقا ئۇيۇشتۇرىدۇ، ئاپتور دەسلەپكى ئورىگىنالنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە «بىرىنچى كىتابخان بولۇش» سۈپىتىدە ئاپتورغا ئۆزگەرتىش تەكلىپىنى بېرىپ، ئاپتورنىڭ ئەسلى ئورىگىنالىنى ئىنچىكە ئىشلەپ سىلىقلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئاپتورنىڭ ئەسلى ئورىگىنالىنى نەپىس، جىرايلىق ئەسەرگە ئايلاندۇرىدۇ. مۇنداق ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش يۈكسەك بەدەل تۆلەش روھىنىڭ بولۇشىغا مۇھتاج، شۇڭا كىشىلەر ھەمىشە مۇھەررىرنى «نامسىز قەھرىمان» دېيىشىدۇ. شۇڭا، مۇھەررىرنىڭ ئەمگىكى مۇلازىمەت خاراكتېرىنى ئالغان ئەمگەك، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىجادىي ئەمگەك. بۇ ئەمگەك بىلەن بىز مۇھەررىرلەر ئۆزىمىزنى چەكسىز شەرەپ ھېس قىلىمىز. بۇ ئەمگەك بىزگە روھىي جەھەتتىكى ئىنتايىن زور قانائەت ۋە شادلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ.

# ئاجايىپ ئادەملەر

## خىلمۇ خىل ئادەملەر

**بۆرە بالا.** 1920-يىلى ھىندىستاننىڭ مىدنابور رايونىدىكى دېھقانلار ئىپتىدائىي ئورمانلىقتىكى بىر بۆرە ئۇۋىسىدىن ئىككى قىز بالىنى تېپىۋالغان. بىرى، ئىككى ياش، يەنە بىرى، سەككىز ياش. بۇ قىزلار ئۆمىلەپ ماڭالايدىكەن، ھەممىدە بۆرىگە ئوخشاش ھۇۋلايدىكەن. كىچىكى بىر يىلدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن، چوڭى كېيىن ئارىسىدا 9 يىل ياشاپ، ئۆرە مېڭىشنى ۋە ئاددىي سۆزلەرنى قىلىشنى ئۆگەنگەن.

**يىلپىز بالا.** 1932-يىلى ھىندىستانلىق بىر ئوۋچى ئاسسام شتاتىدا بىر ئانا يىلپىزنى ئۆلتۈرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئۇۋىسىدىن بەش ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنى تېپىۋالغان. ئەسلىدە، بۇ بالىنى ئۈچ يىل ئىلگىرى بىر يىلپىز ئەپقاچقان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى چوقۇم يىلپىزغا يەم بولۇپ كەتتى، دەپ ئويلىغان. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن يىلپىز ھېلىقى بالىنى «بېقىۋالغان». بۇ بالا ئىنتايىن تېز ئۆمىلىيەلەيدىغان بولۇپ، خام يېمەكلىكلەرنىلا يەيدىكەن، كۆرگەنلا ئادەمنى چىشلەيدىكەن. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە ئۆرە ماڭالايدىغان بولغان ۋە چىنە-قاچىدا تاماق يېيىشنى تەستە ئۆگەنگەن.

**ئېيىق بالا.** 1937-يىلى تۈركىيىلىك بىر ئوۋچى تاغدا بىر ئانا ئېيىقنى ئۆلتۈرگەندە، ئېيىق ئۇۋىسىدا سەككىز يىل ياشىغان بىر قىز جىنسنىڭ بىرىچە ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلگەن. كېيىن كىشىلەر ئۇنى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا داۋالاتقان. ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇ ئاندىن ئىنسانلار تۇرمۇشىغا كۆنۈپ، پىشىق يېمەكلىكلەرنى يەيدىغان بولغان.

**بۆكەن بالا.** 1973-يىلى بىر ئوۋچى سۈرىيىدىكى بىر قاقاس دالىدا بۆكەن ئوۋلاۋېتىپ، «توپ-توپ بۆكەنلەر ئارىسىدا سائەتكە 5 — 10 ئىنگلىز مىلى يۈگرەپ كېتىۋاتقان، ئاڭلاش سېزىمى ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتى ئىنتايىن ياخشى» بىر بالىنى بايقىغان. ئۇ شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۇ بالا تۇتۇق بەرمىگەن.

**بابۇن (ئىت باش بالا).** ئافرىقىلىق ئىككى ساقچى بىر توپ بابۇن ئارىسىدىن ئىككى ياۋا ئوغۇل بالىنى تۇتىۋالغان. قارىماققا، ئۇلار بابۇنلار بىلەن 10 نەچچە يىل بىللە ياشىغان، مېۋە، قۇشلارنىڭ تۇخۇملىرى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلغان. كېيىن ئۇلار كىشىلەر ئارىسىدا 40 يىل ياشىغان بولسىمۇ، قولىنى تاتىلايدىغان، ئىڭىكىنى قاشلايدىغان ئادىتىنى قەتئىي ئۆزگەرتەلمىگەن.

پېداگوكلارنىڭ بايقىشىچە، يەتتە ياشقا تولغان مەزگىل ئادەمنىڭ يېتىلىشىدىكى ئاچقۇچلۇق مەزگىل ئىكەن. بۇ مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان ئۇچۇرنىڭ %70 ئۆمۈر بويى ئەسقاتىدىكەن. ئەگەر مۇشۇ مەزگىلدىكى تەربىيە كەمچىل بولۇپ قالسا، بالىلار تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيانغا ئۇچراپ، ئادەم دېسە ئادەمگە، ھايۋان دېسە ھايۋانغا ئوخشىمايدىغان مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىدىكەن. بالىلار كىچىكىدىنلا ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇلمىسا، كارغا كەلمەس بولۇپ قالىدىكەن.

## سىرلىق «دېڭىز تەكتى ئادەملىرى»

1958-يىلى، ئامېرىكا دۆلەتلىك دېڭىز-ئوكيان ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دوكتورى روتىن ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئۈچ ئىنگلىز مىلى چوڭقۇرلۇقتىكى تەكتىدىن ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزىغا ئوخشايدىغان غەلىتە ئىزلارنى سۈرەتكە تارتىۋالغانىدى. 1963-يىلىغا كەلگەندە، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتى 300 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى دېڭىز تەكتىدە بېلىقمىكىن دېسە، بېلىققا ئوخشىمايدىغان، بىرەر ھايۋانمىكىن دېسە ئۇنىڭغىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر مەخلۇقنىڭ سائەتكە 280 كىلومېتىر تېزلىكتە ئۈزۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان، ئۇلار بىر قوغلىغۇچى پاراخوت ۋە بىر سۇ ئاستى پاراخوتى بىلەن توپتوغرا تۆت كۈن قوغلاپمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمىگەن. 1968-يىلى، ئامېرىكىنىڭ مىئامى شەھىرىدىكى سۇ ئاستى فوتو سۈرەت ئۇستىسى بۇمونى دېڭىز ئاستىدا يۈزى مايمۇننىڭكىگە ئوخشايدىغان، بويىنى ئادەم بويىدىن تۆت ھەسسە ئۇزۇن، كۆزى ئادەمنىڭكىگە ئوخشىسىمۇ لېكىن بەكلا چوڭ غەلىتە بىر ھايۋاننى ئۇچراتقان. ھېلىقى ھايۋان ئۇنى كۆرۈپلا قېچىپ كەتكەن. 1973-يىلى، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ۋە نورۋېگىيىنىڭ نەچچە ئونلىغان ھەربىي پاراخوتلىرى كەڭرىنا قولتۇقىدا سۇ ئاستىدا يۈرىدىغان «ئەرۋاھ پاراخوت» دەپ ئاتالغان بىر غەلىتە نەرسىنى بايقاپ، كۆپ خىل قوراللار بىلەن زەربە بەرگەن بولسىمۇ، قىلچە ئۈنۈمى بولمىغان. ھېلىقى نەرسە سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىشى بىلەن تەڭ، ھەربىي پاراخوتلاردىكى سىمسىز خەۋەر-ئالاقە رادارلىرى ۋە سومارلىرى كاردىن چىققان، كېيىن ئۇ غايىپ بولغاندىلا بۇ نەرسىلەرنىڭ نورمال ئىقتىدارى ئەسلىگە كەلگەن.

خىلمۇ خىل غەلىتە بايقاشلار كىشىگە 1939-يىلى بايقالغان بىر غەلىتە ئىشنى ئەسلىتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، ئارمىيىدىكى مىمىنتا دېڭىز ساھىلىدا توخومەيدە، قىيسىق ئېغىز، دۈگىلەك باش... «پاقا ئادەم» پەيدا بولغان. ئۇ ئادەملەرنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ناھايىتى تېزلىكتە بالتىق دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەن. ئارىدىن يىرىم ئەسىر ئۆتكەندە، ئامېرىكا جەنۇبىي كارولىنا ئىشتاتىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ بىر شەھەر. ئەتراپىدىكى سازلىقتا بىر خىل «كەسلەنچۈك ئادەم» كۆپ قېتىم پەيدا بولغان، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر بولۇپ، كۆزلىرى قىپقىزىل ئىكەن، پۈتۈن بەدىنىنى يېشىل قاسراق قاپلاپ كەتكەن، ھەربىر قولىدا ئۈچتىنلا بارماق بولۇپ، تۆرە ماڭالايدىكەن، ئادەمدىن كۈچلۈك بولۇپ، يۈگۈرسە ئاپتوموبىلدىن ئېشىپ كېتىدىكەن. كۆرگۈچىلەر ئۇنى قىرغاقتا چىققان دېڭىز تەكتىدىكى ئادەم ئوخشايدۇ، دېگەن.

ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان سۇ ئاستىدىكى ئەقىللىق جانلىقلارغا قارىتا، ئالىملار بارغانسېرى: ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى مەنبەسى دېڭىز، چۈنكى ھازىرقى زاماندىكى ئىنسانلارنىڭ كۆپلىگەن ئادەتلىرى ۋە ئىچكى ئەزالىرىدا دېڭىز بېلىقلىرى ۋە دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتىدىن قېپقالغان ئىزلار كۆرۈنەرلىك مەۋجۇت، ئالايلۇق، تۇزغا ئامراق بولۇش، بەدەندە تۈك بولماسلىق، سۇ ئۈزۈش، بېلىق گۆشى يېيىش قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر قۇرۇقلۇقتىكى باشقا ھايۋانلاردا ھازىرلانمىغان.

## ھىمالايادىكى قار ئادەمنىڭ سىرى

شىزاڭنىڭ يېرى كەڭ، ئائىلىسى شالاڭ بولۇپ، ئورمان بايلىقى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئۈلكە، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە 7-ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئورمانلىقلار ياۋا ئادەملەر ياشايدىغان ئەڭ ياخشى ماكاندۇر. كىشىلەر ئادەتتە شىزاڭنىڭ قارلىق داللىرىدىكى ياۋا ئادەملەرنى «قارا ئادەم» لەر دېيىشىدۇ.

شىزاڭ بويىچە بىردىنبىر تاشيول قاتنىشى بولمىغان موكو ناھىيىسىدە قار ئادەم دائىم پائالىيەت قىلىپ تۇرىدۇ.

بىر قېتىم لوبا مىللىتىدىن بولغان بىرنەچچە كىشى ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئىچىدە ئۇستىخان پارچىلىرى ۋە مېۋە شۆپۈكلىرى تولۇپ كەتكەن، بەزى يەرلىرى قېلىن بىر قەۋەت غازاڭ بىلەن چىڭقىلىپ، ئۈستىدە ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىدىن چوڭراق ئاياغ ئىزى قالغان بىر چوڭ تاش ئۆڭكۈرنى بايقىغان. ئۆڭكۈر ئاغزىغا كەندىلەر دۈۋىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، سېسىق پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالغانىكەن. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ھېلىقى ئۆڭكۈر ئاغزىدىن غەلىتە ئاۋاز ئاڭلىنىپ كۆپچىلىكنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەن.

خېلى ئىش كۆرگەن ئەنبۇ گۈلخان ئىچىدىن كۆيۈۋاتقان بىر چوقاتماقنى ئېلىپ ئۆڭكۈر ئاغزىغا ئاتقان ھەمدە كامالەكنى ئالغىنىچە ئۆڭكۈر ئاغزىغا يېقىنلاپ بېرىپ، بوي-تۇرقى ئوتتۇرا بوي ئادەملەر بىلەن تەڭ كېلىدىغان، ئاغزى بەكمۇ چوڭ، پېشانىسى چوقچۇيۇپ چىققان، يۈز-كۆزىنى قورۇق باسقان، چىرايى قاپ-قارا، ئورا كۆز، پاناق، پېشانىسىدا چوڭقۇر ئۈچ تال قورۇقى بار، ئىككى ئەمچىكى تىزىغىچە ساڭگىلىغان، كىندىكى ئەتراپىنى ئاق تۈك قاپلىغان، قوللىرى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىدىن ئۇزۇن بولغان، ئادەم دېسە ئادەمگە ئوخشىمايدىغان غەلىتە مەخلۇقنىڭ 10 نەچچە قەدەم نېرىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. بۇ مەخلۇق چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، قوللىرىنى توختىماستىن پۇلاڭلىتىپ ۋارقىراپ-جارقىراپ، ئۆزلىرىنىڭ ماكانىنى ياتلارنىڭ «ئىگىلىۋالغانلىقى» غا قاتتىق نارازى بولغان ۋە غەزەپلەنگەن ھەمدە ئۇزۇن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ھېلىقى كىشىلەرنى ئۆڭكۈردىن كېتىشكە ئىشارەت قىلغان.

كېيىن ئۇ ھېلىقى كىشىلەرنىڭ كېتىدىغانلىقىنى ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، يەردىن تاش ئېلىپ ئۆڭكۈر ئىچىگە قارىتىپ ئاتقان. تەجرىبىلىك ئەنبۇ كامالەكنى تارتىشقا، ئىشنىڭ ئەپلەشمەيدىغانلىقىنى كۆرگەن قار ئادەم قولىدىكى تاشنى تاشلىۋېتىپ، يۈگۈرگىنىچە ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كەتكەن.

مۆلچەرلىنىشىچە، باشقا يەرلەردىمۇ مۇشۇنداق قار ئادەملەر بار ئىكەن.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ھېلىقى كىشىلەر قار ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزىنى ئۇچراتقان، ئۇنىڭ پۇت بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقى كەڭ بولۇپ، پۇتى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىن ئىككى قولچە ئۇزۇن ئىكەن.

ئەنبۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىلگىرى بەكلا قېرى، ئاۋازى پۈتۈپ كەتكەن، مېڭىش-تۇرۇشى ئاستا، چىرايىنى چوڭقۇر قورۇق قاپلاپ كەتكەن قار ئادەملەرنى كۆرگەنىكەن. ئۇلار ھەم يىغلىيالايدىغان ھەم كۈلەلەيدىغان بولۇپ، قىلىقلىرى بەئەينى ئادەمنىڭ ئۆزىكەن، ئادەتتە ئادەم ۋە چارۋىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيدىكەن، لېكىن بەزىدە كۆممەقوناق، ئارپا قاتارلىقلارنى ئوغرىلاپ بېقىۋالىدىكەن شۇنداقلا ھايۋانلارنىمۇ ئوۋلاپ يەيدىكەن.

لوبا مىللىتىدىن بولغان شياچيوڭ دېگەن بىر كىشى بىر قېتىم قار ئادەمنىڭ قارلىق تاغدىن چۈشۈۋېتىپ، جاتقاللىق ئارىسىدا ئىپار كىيىكنىڭ ئىزغىلىقىنى قوغلاۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ بىر دەم تۆرە بولۇپ يۈگۈرسە، بىردەم تۆت پۇتلۇق بولۇپ يۈگۈرۈپ، تەخمىنەن، نەچچە مىنۇت قوغلاپ، ئاخىرى ئىپار كىيىك ئوغلىقىنى تۇتۇۋېلىپ، يالماپ يۇتۇۋەتكەنلىكىنى كۆرگەن.

قار ئادەم ئاشلىق ۋە ياۋايى ھايۋاناتلارنى يەپلا قالماستىن، قىش كۈنلىرى غازاڭ، ئوت-چۆپ يىلتىزنىمۇ يەيدىكەن.

نۆۋەتتە، قار ئادەم ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش، تەتقىقاتتا ئاز-تولا نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، راۋاجلاندۇرۇشتا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەھەتتە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

**نەبىجان سادىق تەرجىمىسى**

# مۇشتىرىلار دىققىتىگە :

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچىگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان يەسلىلىك ئىلمىي ژۇرنال. بۇ — پەلسەپە، مائارىپ، تارىخ، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، تىل، ئەدەبىيات - سەنئەت، پەن - تېخنىكا، دىن ۋە ئەخلاق، باشقۇرۇش ۋە باشقا ئارىلىق پەنلەر بويىچە ئالىم - مۇتەخەسسىس ۋە باشقا ھەۋەسكارلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى، دۇنيا بويىچە بارلىققا كېلىۋاتقان كۈندىلىك تۇرمۇش ھەم خىزمەتلىرىمىزگە ماياك بولىدىغان كەشپىيات ھەم ئىختىرالارنى ئىخچام تونۇشتۇرۇپ، ئىلىم - پەننى گۈللەندۈرۈش، خەلقىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدىغان يېڭى بىر بىلىم مۇنبىرى. ھەر بىر ئويغاق ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېخىمۇ ئەقىللىق، يىراقنى كۆرىدىغان، زامانغا ماس ئادەم بولۇش جاھانىنامىسى. بۇ ژۇرنال سىزنى دانايى - دانىشمەن ئالىملار، پىرى — ئۇستازلار، ھەققانىي ئىلىم چولپانلىرى، سەنئەتكارلار، ئۇلۇغ ھەكىم ھەم پەيلاسوپلار بىلەن ئۇلپەتلەشتۈرۈپ، قەددىڭىزنى رۇسلاپ زامانغا قەدەم بېسىشىڭىزغا ياردەم بەرمەكچى. ژۇرنىلىمىزنىڭ بىر يىللىق سانلىرىغا 8.00 يۈەندىن ياكى خالىغان بىر سانىغا 2.00 يۈەندىن تۆلەپ مۇشتىرى بولغايسىز.

پۇل ئەۋەتىدىغان ئادرېسى: ئۈرۈمچى «يەنئەن» يولى 46 - قورو.
«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئالاقىلاشقۇچى: ليۇسۇچىڭ

《新疆社科论坛》
全国公开发行

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»
مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

---

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللىي ناسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: 1/CN65—1147/C
پوچتا ئارقىلىق مۇشتىرى بولۇش نومۇرى: 137—58
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىسلامجان شېرىپ، قەيسەر قەييۇم
باھاسى: 2.00 يۈەن
ئورنى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 16 - قورو، پوچتا نومۇرى: 830001
تېلېفون: 2861273 تېلېگرامما: 3027
مۇقاۋىنى ئوبۇلقاسىم ئەمەت لايىھىلىگەن